# كونشەھەر تارىخ ماتېرىياللىرى

## بىرىنچى توپلام



جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى كونشەھەر ناھىيىلىك كومىتېتى، تارىخ ماتېرىياللىرى تەھرىر ھەيئىتى تۈزدى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# كونىشەھەر تارىخ ماتېرىياللىرى

## بىرىنچى توپلام

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى
كونىشەھەر ناھىيىلىك كومىتېتى تارىخ
ماتېرىياللىرى ھەيئىتى تۈزدى

# كونىشەھەر ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تارىخىي ماتېرىياللار كومىتېتى ئەزالىرى

مۇدىر: **ياڭ جىڭئەن** (سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى)

مۇئاۋىن مۇدىر: **قاۋۇل كېرىم** (تارىخىي ماتېرىياللار كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)

ئەزالىرى: **مامۇت ئىسمايىل، ئىسلام كېرىم، ئابدۇكېرىم ئەخمىدى، ئىسمايىل ئۇرايىم، مەھەممەت ئىسلام، دىڭ لېجى، فاڭ جۇاڭسىڭ، ياڭ يىفى، ئابدۇرۇسۇل كېرىم، ۋېي جىخوڭ.**

«كونىشەھەر تارىخىي ماتېرىياللىرى» تەھرىر ھەيئىتى ئەزالىرى: **ياڭ جىڭئەن، مامۇت ئىسمايىل، ئەركىن ئىمىن، ھەسەنجان ساقى، قاسىم ئابدۇللا، مەھەممەت ئىمىن ھېيت، ئەخمەت راخمان، ئابدۇكېرىم ئەخمىدى، قاۋۇل كېرىم، ئىسمايىل ئۇرايىم، ئابدۇرېھىم رازى، مەمتىمىن مامۇت، ۋارىسجان رەھىم، ھېيت كېرىم.**

باش تەھرىرلەر: **ئەركىن ئىمىن، ياڭ جىڭئەن، ھەسەنجان ساقى، قاسىم ئابدۇللا، ئەخمەت راخمان**

مەسئۇل تەھرىرلەر: **ياڭ جىڭئەن، مامۇت ئىسمايىل، ئابدۇكېرىم ئەخمىدى، قاۋۇل كېرىم.**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

编好文史资料
为振兴疏附经济
服务。

姚[illegible]建
一九九四年四月二十日

تارىخىي ماتېرىياللىرىنى ياخشى رەتلەپ، كونىشەھەر ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرايلى!

ياۋيىجيەن

كونىشەھەر ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى

تارىخى ماتىرىياللارنى قېزىش،

رەتلەپ ۋە نەشىر قىلىپ، ئەجداتلارنىڭ

تارىخى مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ،

ئەۋلاتلارنى تەربىيەلەپ، تارىخى

ماتىرىياللارنى ناھىيەمىزنىڭ ئىسلاھات،

ئېچىۋېتىش، ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش،

ۋە سىياسى، ئىجتىمائى مۇقىملىقى ئۈچۈن


خىزمەت قىلدۇرايلى!

ئابدۇكېرىم ئىسەلەي،


1994.8.10.

كونىشەھەر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمى


ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




تارىخ ماتېرىياللىرى كومىتېتى ئەزالىرى خىزمەت ئۈستىدە




تارىخ ماتېرىياللىرى تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى




مەخمۇد قەشقەرى قەبرگاھى




قەدىمكى يىپەك يولى




ئوپال يېزىسىدىكى يەتتە ئەزىزلەرنىڭ مازىرى



ئوپال يېزىسىدىكى غوجا قونار تەكيەگاھى




خانوي قەدىمى شەھىرى سېپىل قالدۇقى




سوبۇلتىكىن قەبرىسى


www.uyghurkitap.com




ئالپتەكىسىن
قەبرىگاھى



ئانگەر يېزىسىدىكى غوجى ئاگاھ غوجام قەبرىسى




ئوپال يېزىسىدىكى ئاقتالا قەدىمىي شەھىرى




مۇش يېزا مەڭ يولىدىكى مۇنار


ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com




بەشكەرەم
يېزىسىدىكى مۇنار —
بۇددا مۇنارى



بەشكەرەم يېزىسىدىكى كەپتەرخانا (قەدىمكى
بۇددا ئىبادەتخانىسى قالدۇقى)



زەمەن يېزىسىدىكى تاشماللام قەبرىگاھى



لەنگەر يېزىسىدىكى ئاقتام تۆرى

# كىرىش سۆز

تارىخ — ئىنسانىيەتنىڭ كەچۈرمىشى، بۇ كەچۈرمىش — تەبىئىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي، مەمۇرىي، ھەربىي، ئىلمىي پائالىيەتلەرنىڭ يىغىندىسىدىن ئىبارەت. بۇنداق كۆپخىل پائالىيەتلەر مۇئەييەن ۋاقىت، مۇئەييەن ئورۇن، مۇئەييەن شارائىتتا ئېلىپ بېرىلغان. ئۇنىڭ مۇئەييەن سەۋەب، مۇئەييەن جەريان، مۇئەييەن نەتىجە، مەزمۇنلىرى بار.

ئىنسانىيەت تارىخى — ئىنسانىيەتنىڭ تۈنۈگۈنى، تۈنۈگۈن بولسا بۈگۈننىڭ ئانىسى، بۈگۈن بولسا ئەتىنىڭ ھامىلىسى. خۇددى شۇ مەنىدە بۈگۈن تۈنۈگۈننىڭ داۋامى بولغىنىدەك، ئەتىمۇ بۈگۈننىڭ داۋامى بولىدۇ. ئۆزگىرىشلەر، تەرەققىياتلار تارىخنىڭ مەزمۇنى ۋە مەقسىتىدىن ئىبارەت. تارىخنىڭ تۈنۈگۈننى توغرا بىلگەندە، تارىخنىڭ بۈگۈننى توغرا چۈشەنگىلى، تارىخنىڭ ئەتىسىگە توغرا يۆنىلىش ھەم توغرا مۆلچەر تۇرغۇزغىلى بولىدۇ.

تارىخنى كەچۈرمىشلەر ئىنتايىن مول بولغان قىممەتلىك تەجرىبە ـ ساۋاقلار، خاسىيەتلىك ئىبرەت ۋە ئۈلگىلەر ئىنتايىن كۆپ قىرلىق بىلىم، چۈشەنچە، ئۇقۇم، خۇلاسىلەرنىڭ بىپايان خەزىنىسى، تارىخنى ماتېرىياللارنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش، نەشىر قىلىش، ئەۋلادلار تەربىيىسى ۋە ئىجتىمائىي

تەربىيىگە، كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىك زور ئەھمىيەتكە ئىگە مۇھىم بىر خىزمەت.

مەرھۇم زوڭلىمىز جۇئېنلەي 1959 ـ يىلى 4 ـ ئايدا مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ پېشقەدەم ئەزالىرىنى قوبۇل قىلغاندا تارىخىي ماتېرىيال، تارىخىي ئەسلىمىلەرنى يېزىشنى تەشەببۇس قىلغان ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەشلەر تارىخىي ماتېرىياللار خىزمىتىگە بولغان دىققەت ئېتىبارىنى كۈچەيتىپ، قۇتقۇزۇش، قېزىش، توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش خىزمىتىنى زىممىسىگە ئېلىپ، ناھايىتى مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا بۆشۈكلىرىدىن بىرى بولغان قەشقەر بوستانلىقىنىڭ مەركىزىي قىسمىغا ئورۇنلاشقان كونىشەھەر ناھىيىسى تارىخنىڭ ئۇزۇنلۇقى، بۇنداق ئۇزۇن تارىخنىڭ گۇۋاھچىسى بولغان ئاسارەئەتىقە ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ كۆپلۈكى، مەھمۇد قەشقىرى، ھېلاۋىدىن غېرىبىي، ئىمىر ھۈسەيىن سەبۇرى، سەلەي چاققان، تاشۋاي، شەۋقى، ئاۋۇت راۋاب، داۋۇت راۋاب قاتارلىق ئالىم، يازغۇچى-شائىر، سەنئەت، مۇزىكا ئەربابلىرىنىڭ يۇرتى سۈپىتىدە شىنجاڭغا، پۈتۈن مەملىكەت ۋە دۇنياغا مەشھۇر، ناھىيىمىزدە نۇرغۇنلىغان ئەھمىيەتلىك ۋەقەلەر ۋە پائالىيەتلەر، تارىخىي شەخسلەر ئۆتكەن. ئۇنى يورۇتۇش — ئىجتىمائىي، ئىلمىي، تارىخىي بىلىملەر بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا ئىنتايىن مۇھىم ۋە ئەھمىيەتلىك زور ۋە زۆرۈر خىزمەت.

كونىشەھەر ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى بىر نەچچە يىللىق تەييارلىق ۋە تىرىشچانلىق ئارقىلىق «كونىشەھەر تارىخىي ماتېرىياللىرى» تۇنجى سانىنى تۈزۈپ نەشر قىلىپ جامائەتچىلىككە تەقدىم قىلدى ۋە بۇ ئىشنى بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇشقا بەل باغلىدى، بۇ كىتاب بۇ ساھەدىكى خىزمىتىمىز-نىڭ تۇنجى مېۋىسى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تارىخىي بى-لىملىرىمىز، تەھرىرلىك سەۋىيىمىز ۋە تەجرىبە ساۋاق-لىرىمىز چەكلىك، شۇڭا، بۇ ساھەدىكى مۇتەخەسسىسلەر-نىڭ تەنقىدى ياردەمدە بولۇشىنى، جامائەتچىلىكنىڭ كونىشەھەرگە ئائىت تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن تە-مىنلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

بۇ كىتابنىڭ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈ-شىشىگە شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن بارلىق رەھبەر-لەرگە، ئاپتورلارغا چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز.

**كونىشەھەر ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى**
**تارىخىي ماتېرىياللار كومىتېتى**

**«كونىشەھەر تارىخىي ماتېرىياللىرى» تەھرىر ھەي-**
**ئىتى**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مەندەرىجىسى

كىرىش سۆز ...................................... 1
كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئاساسى
تارىخى ئەھۋالى ............ ماموت ئىسمايىل 1
كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ھاكىمىيەت تارى-
خى ................................ قاۋۇل كېرىم 17
جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى
كونىشەھەر ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ قىسقىچە تا-
رىخى ........................ ماموت ئىسمايىل 23
توققۇزاق بازىرى توغرىسىدا .............. 29
گۈللىنىۋاتقان كونىشەھەر ... قاۋۇل كېرىم 39
ئاۋات ئۈستەڭى توغرىسىدا ...مەتىمىن ماموت 48
كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ تارىختىن بۇ-
يانقى چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى
...................................... زەيتۇنەم 54
كونىشەھەر ما ئاردىپى...ئابدىكېرىم ئەخمىدى 67
يۇرت شەجەرىسى يېڭى ئۈستەڭ يېزىسىنىڭ
بىنا قىلىنىشى توغرىسىدا ... غەيرەتجان ئوسمان 99
ناھىيىمىز تەۋەسىدىكى مەدەنىيەت يادى-
كارلىقلىرى .................. ھېيت كېرىم 106
ناھىيىمىز تەۋەسىدىكى نۇقتىلىق مۇھاپى-
زەت قىلىنىدىغان ئورۇنلار توغرىسىدىكى قىسقىچە ...
ئىزاھات ............ ۋارىسجان رەھىم 111
تېرىم يېزىسىدىكى تارىخىي ئىزلار توغ-

رىسىدا.......... ئەسقەر توختى 123

هەزرىتى موللام مەقبەرىسىنىڭ مەھمۇد
قەشقەرى مەقبەرىسى ئىكەنلىكىنى بېكىتىشجەر-
يانىدىن بىر ئەسلىمە ...... ئىسمايىل ئىبراھىم 126

ئازادلىق ئەرپىسىدە توققۇزاق خەلقىنىڭ
بېشىدىن ئۆتكەن ئاجايىپ پاجىئەلىك ۋەقەلەر
............ ئابدۇرېھىم رازى 135

سوۋېت گىراژدانلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش
ۋەقەسى ... ئىسمايىل ئۆرايىم، ئابدۇرېھىم رازى 141

تارىخىي شەخسلەر مەھەممەت ھاجىم مەۋ-
لىۋى داموللام ........... ئابدۇللا قاسىم 146

موللا هالاۋىدىن غېرىبى ...ئىسمايىل ئۆرايىم 154

توققۇزاقتىكى يېڭى مائارىپ ھەركىتىنىڭ
تەشەببۇسچىسى ۋە ئاساسچىسى ئابدۇللا رازى
توغرىسىدا ........... ئابدۇرېھىم رازى 158

پېشقەدەم مائارىپچى مەرىپەتپەرۋەر دېموك-
راتىك زات قاسىم رەھىم ........ غوپۇر قاسىم 162

ئەنجا نباي........ ئىسمايىل ئۆرايىم 168

مۆتىۋەر زىيالىي ئابدۇللا داموللام توغرى-
سىدا ...................... 187

بۇۋى مەريەمخېنىم ھەققىدە... مەتتمەن ھېيت 189

غوجاۋا غوجام (غوجى ئاگاھ غوجام) ھەققىدە
........... رازىيە قادىر 1 92

www.uyghurkitap.com

# كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئاساسىي تارىخىي ئەھۋالى

مامۇت ئىسمايىل

## كونىشەھەر ناھىيىسى

كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ رەسمىي ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغان تارىخى ئانچە ئۇزۇن بولمىسىمۇ، لېكىن، كونىشەھەر خەلقىنىڭ تارىختا ئۆتكەن ئەجدادلىرى نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان قەشقەر ئەتراپىدىكى مۇشۇ ماكاندا ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقىچە ياشاپ، مۇشۇ تېۋەرۈك زېمىننى گۈللەندۈرۈپ كەلمەكتە.

مىلادىدىن 6000 يىل بۇرۇن قەشقەر ئەتراپىدا چوڭ ھەجىمدىكى تاش قوراللار بەلگە قىلىنغان يېڭى تاش قورال مەدەنىيىتى بارلىققا كەلگەن. مىلادىدىن 1100 يىل بۇرۇنلا ناھىيە دائىرىسىدىكى ئىپتىدائىي ئاھالىلەر مېتال قۇراللارنى ئىشلىتىشكە باشلىغان. داۋاملىق تەرەققىي قىلىپ مىلادىدىن بۇرۇنقى 947 ـ يىلىغا قەدەر بوستانلىق يېزا ئىگىلىكى ئىقتىسادىي جەمئىيىتىگە كىرىپ بولغان.

ھازىرقى كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىكى خانئۆي قەدىمكى شەھىرى ۋە ناھىيىنىڭ غەربىگە جايلاشقان تاشمىللام مازىرى، ناھىيىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان ئوپال يېزىسى دائىرىسىدىن تېپىلغان

نۇرغۇن قىممەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلار بۇنى
تولۇق ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 206- يىلى باشلانغان ئىككى
خەن دەۋرىدىن باشلاپ ۋېي، جىن ۋە جەنۇبىي شىمالىي
سۇلالىلىرى دەۋرىدىن يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە قەدەر بولـ
سۇن ۋە ياكى مىلادى 1912- يىلىدىن كېيىنكى مىنگو
(جۇمھۇرىيەت) دەۋرىدىن ئازادلىققا قەدەر بولغان مۇ-
شۇ بىر قانچە تارىخىي دەۋرلەردە ناھىيىمىز دائىرىـ
سىدە يۈز بەرگەن چوڭ ئىشلار، ئۆزگىرىشلەر، تەرەققىـ
ياتلار، مەغلۇبىيەتلەر، راھەت - پاراغەتلەر، جەۋرى-
زۇلۇملاردا بولسۇن ۋە ياكى قەبىلىلەر بىلەن قەبىلىـ
لەر ئوتتۇرىسىدا، بەگلىكلەر بىلەن بەگلىكلەر ئوتتۇ-
رىسىدا، ئامباللار بىلەن ئامباللار ئوتتۇرىسىدا، خانـ
لىقلار بىلەن خانلىقلار ئوتتۇرىسىدا، ئەمەلدارلار بىـ
لەن ئەمەلدارلار ئوتتۇرىسىدا، شەھەرلەر بىلەن شە-
ھەرلەر ئوتتۇرىسىدا، تۆۋەن بىلەن يۇقىرى ئوتتۇرىـ
سىدا، پۇقرالار بىلەن ئەمەلدارلار ئوتتۇرىسىدا، يەر-
لىكلەر بىلەن چەت ئەل كۈچلىرى ئوتتۇرىسىدا بو-
لۇپ ئۆتكەن ئۇرۇش - جېدەل، قوزغىلاڭ، توپىلاڭ،
بۇلاڭ - تالاڭ، بىر - بىرىنى بوزەك قىلىش، قىرىش،
ئېزىش قاتارلىقلار، ئېغىر كۆلپەتلىك كۈنلەر، شۇنداقلا
كەلكۈن، سۇ ئاپىتى، قايتا - قايتا يۈز بەرگەن ئېغىر
يەر تەۋرەش ئاپىتى، چۇما، ۋابا قاتارلىق جانغا زا-
مىن بولىدىغان ئېغىر يۇقۇملۇق كېسەل قاتارلىق تۈر-
لۈك تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ ھەممىسى كونىشەھەر ناھىـ
يىسىنىڭ دائىرىسى ئىچىدە نۇرغۇن قېتىم يۈز بەرگەن
بولسىمۇ، ناھىيىمىز خەلقى ۋە ئۇنىڭ تارىختا ئۆتكەن

ئەجدادلىرى ئاشۇ مۈشكۈل كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەن.

كونىشەھەر ناھىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ تاكى 1949-يىلى (ئازادلىققا قەدەر) غىچە ئۇ يامان كۈنلەر توختاپ قالماي داۋاملاشقان، خەلق ئاشۇ ئازاب-ئوقۇبەتلەر ئىچىدە ياشاپ ئازادلىققا ئېرىشكەن.

## كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ھازىرقى ئورنى

كونىشەھەر ناھىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربى جەنۇبىغا، پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقى شىمالى ئېتىكىگە جايلاشقان.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان تۈز لىنىيە ئارىلىقى 980 كىلومېتىر، مۇساپە لىنىيە ئارىلىقى 1490 كىلومېتىر بولۇپ، قەشقەر شەھىرىنىڭ ئۈچ ئەتراپىنى ئوراپ تۇرىدۇ. ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئورۇنلاشقان جاي قەشقەر شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى توققۇزاق بازىرىدا بولۇپ، شەھەر بىلەن بولغان ئارىلىقى 15 كىلومېتىر كېلىدۇ. جۇڭگو-پاكىستان تاش يولى ناھىيىمىزنى كېسىپ ئۆتىدۇ. ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان شەرقتىن غەربكىچە بولغان زېمىنىنىڭ ئەڭ ئۇزۇنلۇقى 113 كىلومېتىر بولۇپ شەرقى مېرىدىئان 75°18′ — 76°53′، جەنۇبتىن شىمالغىچە بولغان زېمىنىنىڭ ئەڭ كەڭلىكى 91 كىلومېتىر بولۇپ، شىمالىي پاراللېل 38°55′ — 39°40′ قىچە ئورۇنلاشقان.

ناھىيىنىڭ تۆت تەرەپ چېگرىسى بولسا شەرق تەرىپى قەشقەر شەھىرىنى ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ پەيزاۋات ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇب تەرىپى يېڭى-



www.uyghurkitap.com

شەھەر ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەرب تەرىپى ئو-
لوغات ئارقىلىق قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى-
نىڭ ئۇلۇغچات ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. شىمالىي
تەرىپى قاراتاغ، قومالتاغلىرى ئارقىلىق قىزىلسۇ قىرغىز
ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئاتۇش شەھىرى بىلەن تۇتىشىدۇ.

غەربىي جەنۇب تەرىپى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم
ئوبلاستىنىڭ ئاقتۇ ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ.

يېزا ئىگىلىك رايونلىرى دېڭىز يۈزىدىن 1220
مېتىردىن، ئەڭ ئېگىز يېرى 1600 مېتىرغىچە ئېگىزلىككە
جايلاشقان تاغلىق رايونلىرىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئەڭ ئېگىز
چوققىلىرى (ناھىيىنىڭ شىمالىدىكى قومالتاغ، قارا
تاغ چوققىلىرى) 3800 مېتىردىن ئېگىز كېلىدۇ.
تاغلىق رايونلىرى ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 56 پىر-
سەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، تۈزلەڭلىك ئومۇمىي كۆلى-
مىنىڭ 44 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، ناھىيىنىڭ
ئومۇمىي كۆلىمى 4148 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.

**3. كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغان ۋاقتى**

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈي 9-يىلى مىلادى 1883-
يىلى ۋولەن، ۋوسۇ دەرياسى (ئۇيغۇرچە ئۇلۇغ سۇ
دېگەن سۆزنىڭ خەنزۇچە تەلەپپۇزىدىن كېلىپ چىققان
بولۇشى كېرەك. موڭغۇلچە سۆزدىن كېلىپ چىققان دې-
يىلگەندىمۇ ئولان — قىزىل، يەنىلا قىزىل دەرياسى
مەنىسىدە) نىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن 11 يېزىنى ئايرىپ،
كونىشەھەردە كونىشەھەر ناھىيىسى تەسىس قىلىنغان.
11 يېزا مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

1. سەمەن   4. ئاۋاتە   7. تاشمىلىق
2. قوغان   5. توققۇزاق   8. ئۈستۈن ئاتۇش
3. بەشكېرەم   6. ئوپال   9. مۇش-سۇلۇغ···

ئۇنىڭدىن باشقا غەربتىكى تاغلىق رايونلاردا بەش قەبىلە بولغان: 1. قوشچى، 2. چوك باغاش، 3. بىۋاش، 4. قىپچاق، 5. ئەمەن.

قىسقىسى، ناھىيىمىز توپتوغرا 110 يىللىق تارىخقا ئىگە بولغان شىنجاڭدىكى قەدىمكى ناھىيىلەرنىڭ بىرى.

1912-يىلى كونىشەھەر ناھىيىسى قەشقەر ۋىلايىتىگە بىۋاسىتە قارايدىغان بولغان. 1927-يىلى شىنجاڭ قەشقەر مەمۇرىي باشلىق مەھكىمىسىگە تەۋە بولغان. 1943-يىلى شىنجاڭ 3-تەپتىش مەھكىمىسىگە تەۋە بولغان. 1883-يىلى كونىشەھەر ناھىيىسى رەسمىي ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغانىدىن باشلاپ تاكى 1949-يىلى ئازادلىققىچە كونىشەھەر ناھىيىسى تۇرۇشلۇق جايى ھازىرقى قەشقەر شەھىرى ئىچىدە بولۇپ، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەھكىمە، ۋالىي مەھكىمىسى، مەمۇرىي تەپتىش مەھكىمىسى قاتارلىق ئورۇنلار تۇرۇشلۇق جاي بولۇپ كەلگەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانىدىن كېيىن، كونىشەھەر ناھىيىسى شىنجاڭ ئۆلكىسى قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسىگە، جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسىگە، قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسىگە، قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىسىگە قاراشلىق بولۇپ كەلگەن.

1952-يىلى 5-ئاينىڭ 23-كۈنى كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ شەھەر رايونى (شەھەر ئىچى ۋە يېقىن

ئەتراپلىرى) ئاساس قىلىنىپ قەشقەر شەھىرى تەسىس قىلىنغان، ئاھىيىمىز باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان جايلاردىن شەھەر ئىچىدىكى مەدەنىيەت رايونى، تەنتەربىيە رايونى قاتارلىق تۆت رايون ۋە سەمەن رايونىنىڭ كۆكئېرىق، شامالباغ، قۇتچا، قىزىلدۆۋە يېزىسى، 4- يېزىنىڭ ئۈچ كەنتى، 12- يېزىنىڭ ئۈچ كەنتى، قوغان رايونىنىڭ دۆلەتباغ، نەزەرباغ، ھەزرەت، ۋاپ، بىخسىن يېزىلىرى قاتارلىق رايون، يېزا، كەنتلەر قەشقەر شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن.

1955- يىلى كۈز پەسلىدە كونىشەھەر ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى توققۇزاق بازىرىغا كۆچۈپ چىققان. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ناھىيىگە تەۋە رايونلار بىر قېتىم تەڭشەلگەن.

1. سەمەن رايونىدىن لەنگەر رايونى بۆلۈنۈپ، ئىككى رايون بولغان.

2. ئاۋات رايونىدىن يېڭى ئۆستەڭ رايونى بۆلۈنۈپ، ئىككى رايون بولغان.

3. توققۇزاق رايونى زەمىن، سايباغ، ئوغۇساق قاتارلىق ئۈچ رايونغا بۆلۈنگەن، شۇنىڭ بىلەن ناھىيىگە تەۋە رايون 12، يېزا 92 قىلىپ بېكىتىلگەن.

## «كونىشەھەر» نامى توغرىسىدا

كونىشەھەر — قەدىمكى شەھەر دېگەن سۆز بولۇپ، كونىشەھەر ناھىيىسى قىلىنغانىدىن تارتىپ تاكى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت توققۇزاق بازىرىغا كۆچۈپ چىققانغا قەدەر ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئورۇنلاشقان قەشقەر شەھىرىنىڭ 3000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە قەدىمكى شەھەر ئىكەنلىكىگە نىسبەتەن ئېيتىلغان. كونىشەھەر

www.uyghurkitap.com

خەنزۇتىلىدا «سوفۇ» دېيىلىدۇ. «سوفۇ» دېگەن بۇ خەنزۇچە ئاتالغۇ «سۇلې» دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، «سۇلې ئاتالغۇسى — تۈمەن ۋە قىزىل دەريا ۋادىسىدا مىلادى 6- ئەسىرگىچە داۋاملاشقان. «سۇلې» (سۇلۇق) دۆلىتىنىڭ نامىدىن كەلگەن. سوفۇ — «سۇلې»نىڭ ھەراسى، «سۇلې»نىڭ يېنىدىكى جاي دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

1828- يىلى چىڭ سۇلالىسىنىڭ قەشقەرنى ئىدارە قىلغۇچى تۇتۇق مەھكىمىسى ۋە قەشقەرنىڭ مۇداپىئە باش بۇغ ئەمەلدارى جوجىڭياۋ — قىزىل دەرياسىنىڭ جەنۇبى تەرىپىدىكى (قەشقەر شەھىرىدىن توققۇز كىلومېتىر كېلىدىغان) جايغا سېپىل سوقتۇرۇپ، ھەربىي شەھەر بىنا قىلىپ، بۇ شەھەرگە تۇتۇق مەھكىمىسى ۋە ھەربىي قوشۇنلىرىنى ئورۇنلاشتۇرغان. بۇ (ھەربىي) شەھەر قەشقەر شەھىرىگە نىسبەتەن يېڭىدىن بەرپا قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى يېڭىشەھەر دەپ ئاتىغان، خەنزۇلار بۇ شەھەرنى «خەنچېڭ» (خەنزۇلار شەھىرى) دەپ ئاتىغان.

خەنزۇلار قەشقەر شەھىرىنى «خۇيچېڭ»، (مۇسۇلمانلار شەھىرى) دەپ ئاتىغان. بۇنىڭدىن شۇنى چۈشىنىپ ئالغىلى بولىدۇكى، سۇلې ئەسلى قەشقەرنىڭ ئىسمى بولۇپ، سۇيى مول، سۇلۇق دېگەن مەنانى ئىپادىلەيدۇ. خەنچېڭ — 165 يىللىق تارىخقا ئىگە يېڭىدىن بەرپا قىلىنغان ھەربىي شەھىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، يېڭىشەھەر دەپ ئاتالغان. كونىشەھەر ناھىيەسى تارىختىن بۇيان تاكى 1955- يىلىغىچە قەشقەر شەھىرىدە ناھىيەلىك ھاكىمىيەتنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى بولغانلىقى ئۈچۈن كونىشەھەر ناھىيەسى دەپ ئاتالغان.

## كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ تارىخىي ئورنى ۋە مەمۇرىي رايونلىرى

بۈگۈنكى كونىشەھەر ناھىيىسى غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدىلا غەربىي دىياردىكى قەدىمكى سۇلې دۆلىتىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 60-يىللاردا غەربىي دىياردا تۇتۇق مەھكىمىسى قۇرۇلغاندا سۇلې غەربىي خەن سۇلالىسىغا تەۋە بولغان. مىلادىيىنىڭ 73-يىلىدىن كېيىن بەنچاۋ سۇلېنى چوڭ بازا قىلىپ، غەربىي دىيارنى ئوتتۇز نەچچە يىل تۇتۇپ تۇرغان. ئۇنىڭدىن كېيىن سۈي سۇلالىسىغا قەدەر غەربىي دىيار غەربىي تۈركلەرگە تەۋە بولغان. مىلادىيىدىن 675-يىلى غەربىي ئورۇنلارغا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئەنشى غەربىنى تىنچلاندۇرۇش تۇتۇق مەھكىمىسى قۇرۇلغان. بۇنىڭ تەۋەلىكىدە تەگرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىن پامىر ئېگىزلىكىنىڭ غەربىدىكى ئامۇ دەرياسىغا قەدەر كەڭ رايونلار بولغان، سۇلې باش ئەمىر مەھكىمىسى قۇرۇلغاندا، شۇ چاغدىكى نام چىقارغان غەربىتىكى تۆت شەھەرنىڭ بىرى بولغان. جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە سۇلې غەربىي لياۋ (كىدان) خانلىقىغا تەۋە بولغان، مۇشۇ جەرياندا سۇلې دېگەن نام تەدرىجىي ھالدا قەشقەر دېگەن نامغا ئۆزگەرگەن.

مىلادى 840-يىلىنىڭ ئاخىرىدا قاراخانىيلار سۇلالىسى قۇرۇلغاندا قەشقەر رايونىنى مەركەز قىلغان خاقانىيە ئۆلكىسى تەشكىللەنگەن، قەشقەر شەھىرى يازلىق پايتەخت بولغان، (قىشلىق پايتەختى بالاساغۇن- خارابىسى قىرغىزىستاندىكى توقماق شەھىرى يېنىدا)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قەشقەرنى يازلىق پايتەخت قىلغان قاراخانىيلار سۇلا-
لىسى ئۈچ ئەسىردىن كۆپرەك ھۆكۈم سۈرگەن.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا قەشقەر رايونىدا سەئىدىيە خاندانلىقى قۇرۇلغان. مىلادى 1759- يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قوشۇن چىقىرىپ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى خوجىلار توپىلىڭىنى بېسىقتۇرۇپ، شۇ يىلى 6- ئايدا قەشقەرنى ئىشغال قىلىپ، قەشقەر رايونىدىكى ھازىرقى كونىشەھەر، يېڭىشەھەر، يېڭىسار، پەيزاۋات، مارالبېشى قاتارلىق ناھىيە، شەھەرلەرنى قايتۇرۇۋالغان. شۇنىڭ بىلەن بەگلىك تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، قەشقەر شىمالىي شىنجاڭدىكى ئەلى جاڭجۈن مەھكىمىسىگە تەۋە بولغان.

1788- يىلى مەسلىھەتچى ۋەزىر مەھكىمىسى يەنە قەشقەرگە كۆچۈپ كېلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەر، يېڭىسار، يەركەن، خوتەن، قاراشەھەر، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، كۇچا قاتارلىق سەككىز شەھەرنى ئىدارە قىلغان، سابىق سۇلىپ مەھكىمىسى تۇرۇشلۇق ئورۇن كونىشەھەر ناھىيە دەپ ئۆزگەرتىلگەن.

يېڭىشەھەر ناھىيىسى ئىلگىرىكى سۇلىپ دۆلىتىنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن.

1883- يىلى (گۇاڭشۈ يىنىڭ 9- يىلى) چىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا ھەربىي رەھبەرلىك تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، شىنجاڭ ئۆلكىسى قۇرۇپ، جايلاردا ئايماق (ئوبلاست) ناھىيە تۈزۈمىنى يولغا قويغان.

كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ شۇ چاغدىكى چېگرىسىنىڭ ئايرىلىشى — شەرقتەرىپى بەشكېرەم يېزىسى

ئارقىلىق پەيزاۋات ناھىيىسى بىلەن تۇتاشقان. جەنۇب تەرىپى — قىزىل ئارت داۋىنى ئارقىلىق چار رۇسىيە ئىشغالىيىتىدىكى پەرغانە ئۆلكىسى بىلەن تۇتاشقان. شىمالىي تەرىپى — تورغات داۋىنى ئارقىلىق چار رۇسىيە ئىشغالىيىتىدىكى يەتتە سۇ ئۆلكىسى بىلەن تۇتاشقان. غەربى - جەنۇب تەرىپى قىياق باش ئارقىلىق تاشقورغان ناھىيىسى بىلەن تۇتاشقان. شەرقىي شىمال تەرىپى — باتۇر ماناق ئارقىلىق ئۇچتۇرپان ناھىيىسى بىلەن تۇتاشقان. غەربىي شىمال تەرىپى داستار داۋىنى ئارقىلىق چار رۇسىيە ئىشغالىيىتىدىكى قىرغىزلا بىلەن تۇتاشقان. شەرقتىن - غەربكىچە بولغان ئارىلىقى 990 چاقىرىم، جەنۇبتىن-شىمالغىچە بولغان ئارىلىقى 564 چاقىرىم، بولۇپ، زېمىن ۋە نوپۇستا شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ ناھىيە بولغان. تاغلىق رايونلارنىڭ سىرتىدا توققوز يېزا تەۋەبولغان. يولارسېمەن، قوغان، بەشكېرەم، ئاۋات، توققۇزاق، دوپال، تاشمىلىق، ئۇستۈن ئاتۇش، ۋە مۇش، سۇلوغلاردىن ئىبارەت. ئىككى يېزا تاغ ئارىسىدا بولۇپ، ئىسمى ئېلىق، ئىمەس، بۇ يەرلەردە قوشچى، چوڭ باغاش، بىۋاش، قىپچاق، ئەمەن قاتارلىق بەش قەبىلە ياشىغان.

1900-يىلى (گۇاڭشۈ يىلىنىڭ 26-يىلى) كونىشەھەر ناھىيە بازىرىنىڭ (قەشقەر شەھىرىنىڭ) كۆلىمى 12 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، 6137 ئائىلە، 22 مىڭ 487 نوپۇسى بار بولغان. ناھىيە دائىرىسىدىلا توققۇز نورۇندا بازار بولغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پۈتۈن ناھىيىنىڭ يەر كۆلىمى 162 مىڭ 487 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، 131 مىڭ 893 ئائىلە، 151 مىڭ 331 نەپەر نوپۇس، 170 كەنت بار ئىدى. يەنە 31 ئورۇندا ھەربىي چازا، 25 ئورۇندا چارۋا بېقىش نۇقتىسىمۇ بار ئىدى.

1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىنىپ، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسى يەنىلا كونىشەھەر ناھىيىسىدە (ھازىرقى قەشقەر شەھىرىدە) تەسىس قىلىندى. شۇ چاغدا كونىشەھەر ناھىيىسىدە 12 رايون بولۇپ، تۆت رايون شەھەر ئىچىدە ئىدى. سەمەن، قوغان، بەشكېرەم، ئاۋات، توققۇزاق، ئوپال، تاشمىلىق، بۇلاقسۇ (ئۇ چاغدا بورا خىتاي دەپ ئاتىلاتتى) قاتارلىق سەككىز رايون يېزىلاردا ئىدى. 102 يېزا، 524 كەنت، 439 مىڭ 800 مو تېرىلغۇ يەر بار ئىدى. شۇنىڭدىن بۇيان بىر قىسىم يېزا، كەنتلەرنى قەشقەر شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش، قايتۇرۇپ ئېلىش ئىشلىرى ۋە ناھىيە دائىرىسى ئىچىدە قوشۇۋېتىش، بۆلۈۋېتىش، چوڭايتىش - كىچىكلىتىش قاتارلىق ئىشلار داۋاملىق تەكرارلىنىپ تۇردى.

1993 - يىلدىكى ئەھۋالدا ھازىر بار بولغان يېزىلار سەمەن، لەڭگەر، مۇش، خاگدى، قوغان، بەشكېرەم، ئاۋات، يېڭىئۆستەڭ، ئاققاش، پاختەكلە، ئوغۇساق، زەمىن، سايباغ، ئوپال، بولاقسۇ، تېرىم، تاشمىلىق قاتارلىق 17 يېزا، توققۇزاق بازارلىق ھۆكۈمەت، تۆت مەيدان (چارۋىچىلىق، ئورۇقچىلىق، باغۋەنچىلىك، ئورمانچىلىق) 235 كەنت، 1599 مەھەللە، 71 مىڭ 168 ئائىلە، 351 مىڭ 235 نوپۇس بار. بۇنىڭدىن

يېزا ئائىلىسى 65 مىڭ 460، يېزا نوپۇسى 305 مىڭ 495 نەپەر، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 649 مىڭ مو.

ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ، قىرغىز، ئۆزبېك، تاجىك قاتارلىق توققۇز مىللەت بار بولۇپ، ئاساسلىقى ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. خەنزۇلار 3613 نەپەر بولۇپ، بىر پىرسەنتىنى، باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسىنىڭ 99 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

## كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئاساسلىق ئىگىلىكى

كونىشەھەر ناھىيىسى دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلغان، دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىق بىرلەشتۈرۈلگەن، باغۋەنچىلىك، ئورمانچىلىق ۋە قوشۇمچە كەسىپلەر بىلەن تەڭ شۇغۇللىنىدىغان يېزا ئىگىلىك ناھىيىسى، يېزا-بازار كارخانىلىرى ۋە سودا-سانائەت ئىشلىرى ئەمدىلا راۋاجلىنىشقا باشلىدى. دانلىق ئاشلىق جەھەتتە ئاساسلىقى بۇغداي، قوناق، شال تېرىلىدۇ. بۇغداي كۆلىمى 330 مىڭ مو ئەتراپىدا بولۇپ، بۇنىڭ ئورنىدىن 200 مىڭ مو ئەتراپىدا قوناق تېرىلىدۇ. سۇ كەمچىل بولۇش تۈپەيلىدىن پەقەت بۇلاق سۇلىرىدىلا تايىنىپ 40 مىڭ مو ئەتراپىدا شال تېرىلىدۇ. ئىقتىسادىي زىرائەتلەردىن ئاساسلىقى پاختا تېرىلىدۇ. كۆلىمى 200 مىڭمو ئەتراپىدا بولۇپ، دېھقانلار ئىقتىسادىنىڭ ئاساسىي مەنبەسى بولۇپقالدى. يەنە كۆكتات، قوغۇن-تاۋۇزلارمۇ تېرىلىدۇ. پاختا چىگىتىدىن باشقا يەنە، بىر قىسىم زىغىر، ئاپتاپپەرەس، زاراڭزا قاتارلىق

www.uyghurkitap.com

مايىلىقدانلار تېرىلىدۇ. باغۋەنچىلىك ناھىيىمىز خەلقىنىڭ تارىختىن بۇيانقى ئەڭ كۆڭۈل بۆلۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇۋاتقان بىر ئىقتىسادىي مەنبەسى، بەشكېرەم، ئاۋات قاتارلىق يېزىلاردا باغۋەنچىلىك ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئۈزۈم، ئەنجۈرنىڭ داڭقى بار.

ناھىيىمىزدە ئاساسلىقى، ئۈزۈم، ئانار، ئەنجۈر، بادام، ئالما، ئامۇت، چىلان، ئۆرۈك، شاپتۇل، توغاچ قاتارلىق مېۋىلەردىن باشقا يەنە،سانى چەكلىك بولغان قارا ئۆرۈك، ئەينۇلا، ئالمىرات، كۆكسۇلتان، ئامىلە، چوڭ گىلاس قاتارلىق مېۋە تۈرلىرى بار. ئالاھىدە تونۇشتۇرۇشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئەڭ كەم ئۇچرايدىغان، ئەڭ ئەتىۋارلىق ھەم ئوزۇق قۇۋۋەت دورا خاراكتېرلىك ئىگە بولغان ئاتاقلىق پىستە مېۋىسىمۇ ناھىيىمىزدىن چىقىدۇ. باغ كۆلىمى 100 مىڭ مو ئەتراپىدا بولۇپ، بۇنىڭ ھۆل قۇرۇق مېۋىلىرى قەشقەر شەھرىنى تەمىنلىگەندىن باشقا، دۆلىتىمىزنىڭ چوڭ شەھەرلىرىگىمۇ جۈملىدىن چەت ئەللەرگىمۇ ئېكسپورت قىلىنىدۇ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھۆل ئۈزۈم پاكىستانغا ئېكسپورت قىلىنىۋاتىدۇ.

## ھاۋا كىلىماتى ۋە سۇ مەنبەسى

كۈن نۇرىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە چۈشۈش ۋاقتى 2870 سائەت، قۇياش نۇرىنىڭ ئومۇمىي يورۇتۇش مىقدارى 148 كالورىيە سانتىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى سىلسىيە 11°26′، ئەڭ يۇقىرىسى 39°6′. يەر قاتلىمىنىڭ توڭلاش چوڭقۇرلۇقى 30 سانتى-

مېتىردىن 90 سانتىمېتىرغىچە بولىدۇ. قىراۋسىز مەزگىلى ئوتتۇرىچە 211 كۈن، ئەڭ كۆپ بولغاندا 235 كۈن، ئەڭ ئاز بولغاندا 177 كۈن بولىدۇ.

يىللىق ھۆل-يېغىن مىقدارى ئوتتۇرىچە 150 مىللىمېتىر، پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2535 مىللىمېتىر بولۇپ، ھۆل-يېغىن مىقدارىنىڭ 35 ھەسسىسىدىن كۆپرەك.

كونىشەھەر ناھىيىسى يېزا ئىگىلىكىدە ئاساسەن دەريا سۈيىگە تايىنىدىغان بولۇپ، ئاساسلىقى قىزىل دەرياسى، گەز دەرياسى، ئۇنىڭدىن قالسا چاقماق دەرياسى، تۈمەن دەرياسى قاتارلىق تۆت دەريا سۈيىدىن پايدىلىنىدۇ. بۇلاق سۇلىرى بىلەن قوشۇپ ھېسابلىغاندا ھەر يىلى كۆپ بولغاندا 1 مىلليارد كۇب مېتىر، ئاز بولغاندا 915 كۇب مېتىر سۇ باشلىنىدۇ، لېكىن سۇدىن ئەمەلىي پايدىلىنىش ئۈنۈمى ھازىر ئاران 40% ئەتراپىدا بولماقتا.

قىزىل دەرياسى ناھىيىمىزنىڭ غەربىدىن شەرق تەرىپىگە قاراپ ناھىيىمىز دائىرىسىدە 75 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئېقىپ ئۆتىدۇ. دەريا سۈيىنىڭ ئەڭ چوڭ ئېقىن مىقدارى 1600 مېتىر كۇب سېكۇنت، ئەڭ ئاز مىقدارى 16 مېتىر كۇب سېكۇنت.

گەز دەرياسى ناھىيىمىزنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن شەرق تەرەپكە قاراپ ناھىيىمىز دائىرىسىدە 55 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئېقىپ ئۆتىدۇ. دەريا سۈيىنىڭ ئەڭ چوڭ ئېقىن مىقدارى 400 مېتىر كۇب سېكۇنت، ئەڭ ئاز ئېقىن مىقدارى يەتتە مېتىر كۇب سېكۇنت. قارىماققا كونىشەھەر ناھىيىسى ئىككى چوڭ دەريانىڭ باش

ئېقىنىغا جايلاشقان بولۇپ، سۇيى مول كۆرۈنىدۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئېتىياز، كۈز پەسىللىرىدىكى ھالقىلىق مەزگىلدە ھەر يىلى داۋاملىق ئېغىر قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بېرىدۇ. 6 — 7 ئايلاردا بولسا كەلكۈن ئاپىتى يۈز بېرىپ، ئىككى دەريانىڭ تۆت قىرغىقىدا خەلقنىڭ دېھقانچىلىق تېرىلغۇسى ۋە مال - مۈلكى داۋاملىق زىيانغا ئۇچرايدۇ، بەزى يىللاردا ئېغىر ئاپەت بولىدۇ. تارىختىن ھازىرغىچە ئىككى دەريا ياقىسىدىكى خەلق كەلكۈنگە مۇداپىئە كۆرۈش سىنىقىدىن تېخى قۇتۇلغىنى يوق.

**كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ بىر قىسىم تەبىئىي بايلىق مەنبەلىرى ۋە مۇھىم ئاسارە - ئەتىقە ساياھەت ئورۇنلىرى**

كان بايلىقلىرىدىن تاشتۇز، گەج - ھاك، نېفىت، ئالتۇن قاتارلىق بايلىق مەنبەلىرى بار. ھازىر بىر قىسىم تاشتۇز، گەج - ھاك تاشلىرىدىن پايدىلىنىلغان بولسىمۇ، لېكىن نېفىت، ئالتۇن كانلىرى تېخى ئېچىلمىدى.

مۇھىم ئاسارە-ئەتىقە ۋە ساياھەت ئورۇنلىرىدىن 11 - ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر ئالىمى، تىلشۇناس، «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئاپتورى مەھمۇد قەشقىرىنىڭ مەقبەرىسى ناھىيىمىزنىڭ ئوپال يېزىسىدا بولۇپ، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان يادىكارلىق قىلىپ بېكىتىلگەن. ناھىيىمىزنىڭ بەشكېرەم يېزىسىنىڭ شەرقىدىكى خانۇي قەدىمكى شەھەر خارابىسى — غەربىي دىياردىكى قەدىمكى شەھەرلەرنىڭ بىرسى.

مورا بۇددا مۇنارىسى — بۇ يەر ئەسلى بۇددا

ئىبادەتخانىسى بولۇپ، ھازىر ئىماران ئىككىسى مۇنارىلا ساقلىنىپ قالغان.

ئوپال يېزىسىنىڭ ئوپولات دېگەن يېرىدە 1 ـ، 2 ـ ئەسىرلەردە بىنا قىلىنغان بىر قەدىمكى شەھەر خارابىسى بار.

قوغان يېزىسىنىڭ چاقماق دەريا بويىدىكى ئۈچ پەرىشتە غارى، ناھىيە بازىرىنىڭ ئايغىدىكى ھېسا تام بۇددا دىنىنىڭ ئىبادەتخانىسى ھەم قەدىمكى خارابە شەھەر قاتارلىقلار بار. ئاسارە ـ ئەتىقە، يادىكارلىق ئورۇنلىرى ناھىيىمىزنىڭ ھەممىلا يېزىلىرىدا بار.

ناھىيىمىز ئۇزۇن تارىختىن بۇيان قايسى سۇلالىلارنىڭ دەۋرىدە بولسۇن، سۇلې دۆلىتىنىڭ، قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ ۋە سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ، مىنگو دەۋرىدىكى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مەركىزىگە، ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن مۇشۇ ئۇزۇن تارىخ جەريانىدا بولۇپ ئۆتكەن چوڭ ئىشلارنىڭ ئىزى قالدۇرۇلغان جاي، شۇڭا، ئاسارە ـ ئەتىقە، يادىكارلىق ئورۇنلىرى تېخى ئېچىلمىغان نۇرغۇن سەيلە ـ ساياھەت سۇ مەنبەلىرى بار.

## ئىزاھات

### پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1) ش ئۇ ئا ر ق كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىسىنىڭ تەزكىرىسى.

2) قەشقەر تارىخي ماتېرىياللىرى 1 - توپلام.

3) ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 1992- يىللىق يېزا خىزمەت خۇلاسە ماتېرىيالى.

4) مۇناسىۋەتلىك تارىخي ماتېرىياللار.

# كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ھاكىمىيەت تارىخى

### قاۋۇل كېرىم

چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئاتاقلىق ئەربابى، سەنشى گەنسۇنىڭ گوبېرناتورى زوزۇڭتاڭنىڭ قەشقەر يەنى قەدىمكى سۇلې دۆلىتىدە سۇلې ياموللى تەسىس قىلىش، بىر نەپەر ناھىيە ئامبىلى قويۇپ «(يېڭىشەھەر) نى ئىدارە قىلىش، سوفۇ ياموللى تەسىس قىلىپ بىر نەپەر ناھىيە ئامبىلى قويۇپ،خويچىڭ (كونىشەھەر) نى ئىدارە قىلىش، بۇ ئىككى ياموللى سۇلې ياموللىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇش» دېگەن تەكلىپى ۋە چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ باش قوماندانى ليۇجىنتاڭنىڭ ئۆلكە ۋە ناھىيە قۇرۇش توغرىسىدىكى كونكرېت لايىھىسىگە ئاساسەن، قىزىل دەرياسىنىڭ باش ئېقىنىدىكى 11 يېزىنى ئايرىپ، قەشقەر كونىشەھەر قەلئەسىدە 1883 - يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈي 9 - يىلى) كونىشەھەر ياممۇلى قۇرۇلغان.

### چىڭ سۇلالىسى دەۋرى

1883 - يىلى كونىشەھەر ناھىيىسى تەسىس قىلىنىپ 9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى (گۇاڭشۈينىڭ 9 - يىلى) مەخسۇس يارلىق بىلەن شۆيجىڭجۇ كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئامبالىلىقىغا تەيىنلەنگەن.

1888 - يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 14 - يىلى) تيەنچەنكو ئامبالىلىققا تەيىنلەنگەن.

1890 - يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 16 - يىلى) ليوجاۋسوڭ ئامبالىلىققا تەيىنلەنگەن.

1893 - يىلى (گۇاڭشۈيىنىڭ 19 - يىلى) ياڭ جىڭخەي ئامبال ياردەمچىلىككە تەيىنلەنگەن.

1895 - يىلى 5 - ئايدا (گۇاڭشۈيىنىڭ 21 - يىلى - ئايدا) شى بىڭچىڭ ئامباللىققا تەيىنلەنگەن.

1903- يىلى 9- ئايدا (گۇاڭشۈيىنىڭ 29- يىلى 9- ئايدا) ليو گوجى ئامباللىققا تەيىنلەنگەن. ئۇنىڭ قاچانغىچە ئامبال بولغانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن كىمنىڭ ئامبال بولغانلىقى ئېنىق ئەمەس.

## جۇمھۇرىيەت دەۋرى

1912 - يىلى (مىنگونىڭ 1- يىلى)جاڭ بىڭدۇ كونىشەھەر ناھىيىسىگە ھاكىم بولغان.

1913 - يىلى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 1914 - يىلى 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە (مىنگونىڭ 2 - يىلى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن مىنگونىڭ 3 - يىلى 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە) لى شى ھاكىم بولغان.

1914 - يىلى 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 1915 - يىلى 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە (مىنگونىڭ 3 - يىلى 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن مىنگونىڭ 4 - يىلى 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە) شياۋجەنجاڭ ھاكىم بولغان.

1915 - يىلى 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 1917 - يىلى 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگىچە (مىنگونىڭ 4 - يىلى 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن مىنگونىڭ 6 - يىلى 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگىچە ماشاۋۇ (ماتىڭخەي) ھاكىم بولغان.

1917 - يىلى 4 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 1918 - يىلىغىچە (مىنگونىڭ 6 - يىلى 4 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن مىنگونىڭ 7 - يىلىغىچە) ليودىيەنگوي ھاكىم بولغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

1918 ـ يىلدىن 1920ـ يىلى 7 ـ ئايىنىڭ 9 ـ كۈنىگىچە (مىنگونىڭ 7 ـ يىلىدىن مىنگونىڭ 9 ـ يىلى 7 ـ ئايىنىڭ 9 ـ كۈنىگىچە) ماجۇن هاكىم بولغان.

1920 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىن 1921 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ30 ـ كۈنىگىچە (مىنگونىڭ 9 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىن مىنگونىڭ 10 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىگىچە) جىڭ شۈرىن هاكىم بولغان.

1921 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 1922 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ31 ـ كۈنىگىچە (مىنگونىڭ 10 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن مىنگونىڭ 11 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىگىچە) ياڭ زىڭچۈن ۋاقىتلىق هاكىم بولغان.

1922 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىگىچە (مىنگونىڭ 11 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 1ـ كۈنىدىن 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىگىچە) توگوڭچو هاكىم بولغان.

1922 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن1923 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىگىچە (مىنگونىڭ 11 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن مىنگونىڭ 12 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىگىچە) ۋىي جىڭياۋ ۋاقىتلىق هاكىم بولغان.

1923 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 1926 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە (مىنگونىڭ12 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن مىنگونىڭ 15 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە، چىڭ رۇيىڭ هاكىم بولغان.

1926 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 1927 ـ

يىلى 7 - ئايىنىڭ 11 - كۈنىگىچە (مىنگونىڭ 15 - يىلى 3 - ئايىنىڭ 1 - كۈنىدىن مىنگونىڭ 16 - يىلى 7 - ئايىنىڭ 31 - كۈنىگىچە) دىڭ زەنشەن ھاكىم بولغان.

1927 - يىلى 8 - ئايىنىڭ 1 - كۈنىدىن 1937 - يىلى 9 - ئايىغىچە (مىنگونىڭ 16 - يىلى 8 - ئايىنىڭ 1 - كۈنىدىن مىنگونىڭ 26 - يىلى 9 - ئايىغىچە) تاۋ مىنيو ھاكىم بولغان.

1937 - يىلى 9 - ئايىدىن 1938 - يىلى 6 - ئايىنىڭ 30 - كۈنىگىچە (مىنگونىڭ 26 - يىلى 9 - ئايىدىن مىنگونىڭ 27 - يىلى 6 - ئايىنىڭ 30 - كۈنىگىچە) ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ھاكىم بولغان.

1938 - يىلى 6 - ئايىنىڭ 30 - كۈنىدىن 1940 - يىلى 2 - ئايىنىڭ 19 - كۈنىگىچە (مىنگونىڭ 27 - يىلى 6 - ئايىنىڭ 30 - كۈنىدىن مىنگونىڭ 29 - يىلى 2 - ئايىنىڭ 19 - كۈنىگىچە) نەققارى ھاكىم بولغان.

1940 - يىلى 2 - ئايىنىڭ 19 - كۈنىدىن 10 - ئايىنىڭ 6 - كۈنىگىچە (مىنگونىڭ 29 - يىلى 2 - ئايىنىڭ 19 - كۈنىدىن 10 - ئايىنىڭ 6 - كۈنىگىچە) ئېلى داۋۇت ھاكىم بولغان.

1940 - يىلى 10 - ئايىنىڭ 6 - كۈنىدىن 1942 - يىلى 8 - ئايىنىڭ 31 - كۈنىگىچە (مىنگونىڭ 29 - يىلى 10 - ئايىنىڭ 6 - كۈنىدىن مىنگونىڭ 31 - يىلى 8 - ئايىنىڭ 31 - كۈنىگىچە) لى جىڭ گاڭ ھاكىم بولغان.

1942 - يىلى 8 - ئايىنىڭ 31 - كۈنىدىن 1944 - يىلى 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە (مىنگونىڭ 31 - يىلى 8 - ئايىنىڭ 31 - كۈنىدىن مىنگونىڭ 33 - يىلى

www.uyghurkitap.com

6 ـ ئايىنىڭ 1 ـ كۈنىگىچە) چوگوچەن ھاكىم بولغان.

1944 ـ يىلى 6 ـ ئايىنىڭ 1 ـ كۈنىدىن 1945 ـ يىلى 4 ـ ئايىنىڭ 7 ـ كۈنىگىچە (مىنگونىڭ 23 ـ يىلى 6 ـ ئايىنىڭ 1 ـ كۈنىدىن مىنگونىڭ 34 ـ يىلى 4 ـ ئايىنىڭ 7 ـ كۈنىگىچە) سوڭ ددجىژ ھاكىم بولغان.

1945 ـ يىلى 4 ـ ئايىنىڭ 7 ـ كۈنىدىن 1945 ـ يىلى 12 ـ ئايىنىڭ 9 ـ كۈنىگىچە (مىنگونىڭ 34 ـ يىلى 4 ـ ئايىنىڭ 7 ـ كۈنىدىن 12 ـ ئايىنىڭ 9 ـ كۈنىگىچە) شىن لىجوڭ ھاكىم بولغان.

1945 ـ يىلى 12 ـ ئايىنىڭ 9 ـ كۈنىدىن 1946 ـ يىلى 11 ـ ئايىنىڭ 1 ـ كۈنىگىچە (مىنگونىڭ 34 ـ يىلى 12 ـ ئايىنىڭ 9 ـ كۈنىدىن مىنگونىڭ 35 ـ يىلى 11 ـ ئايىنىڭ 1 ـ كۈنىگىچە) رېن لىسەن ھاكىم بولغان.

1946 ـ يىلى 11 ـ ئايىنىڭ 1 ـ كۈنىدىن 1948 ـ يىلى 7 ـ ئايىنىڭ 24 ـ كۈنىگىچە (مىنگونىڭ 35 ـ يىلى 11 ـ ئايىنىڭ 1 ـ كۈنىدىن مىنگونىڭ 38 ـ يىلى 7 ـ ئايىنىڭ 24 ـ كۈنىگىچە) تۇرسۇن ئەلى ھاكىم بولغان.

1948 ـ يىلى 7 ـ ئايىنىڭ 24 ـ كۈنى (مىنگونىڭ 38 ـ يىلى 7 ـ ئايىنىڭ 24 ـ كۈنى) ئابدۇقادىر ھېساممىدىن قوشۇمچە ھاكىم بولغان.

## ئازادلىقتىن كېيىن

1950 ـ يىلدىن 1954 ـ يىلغىچە ياقۇپ ھاجىم ھاكىم بولغان.

1955 ـ يىلدىن 1956 ـ يىلغىچە مەممەت ئۆمەر ھاكىم بولغان.

1956 ـ يىلدىن 1959 ـ يىلغىچە ئىمىن تۆمۈر ھاـ
كىم بولغان.

1959 ـ يىلدىن 1966 ـ يىلغىچە بارات يۈسۈپ
ھاكىم بولغان.

1967 ـ يىلدىن 1969 ـ يىلغىچە ناھىيىلىك ئىنـ
قىلابىي كومىتېت ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسىغا ياڭ
جىڭرىن مۇدىر بولغان.

1969ـ يىلدىن 1971ـ يىلغىچە ناھىيىلىك ئىنـ
قىلاۋى كومىتېتقا لىيورىن (ھەربىي ۋەكىل) مۇدىر
بولغان.

1973 ـ يىلدىن 1974 ـ يىلغىچە ناھىيىلىك ئىنـ
قىلابىي كومىتېتقا ۋاڭ ئىنجىڭ مۇدىر بولغان.

1974 يىلدىن ـ 1976 ـ يىلغىچە ناھىيىلىك ئىنقىلاـ
بىي كومىتېتقا مەمەت ئۆمەر مۇدىر بولغان.

1976 ـ يىلدىن 1980 ـ يىلغىچە ناھىيىلىك ئىنـ
قىلابىي كومىتېتقا ئابدۇقادىر چوڭ مۇدىر بولغان.

1981 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە سەمەت ئۇرايىم
ھاكىم بولغان.

1984 ـ يىلدىن 1987 ـ يىلغىچە مامۇت ئىسمايىل
ھاكىم بولغان.

1987 ـ يىلدىن ھازىرغىچە ئابدۇكېرىم سەلەي
ھاكىملىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى كونىشەھەر ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ قىسقىچە تارىخى

ماموت ئىسمايىل

ئازادلىقتىن كېيىن ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، بىرلىكسەپ ئەزالىرى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بىلەن يىغىنغا قاتناشتۇرۇلۇپ، پائالىيەت ئېلىپ بېرىلغان. مۇشۇ ئاساستا سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى كومىتېتى قۇرۇش ئۈچۈن ھەر تەرەپتىن تەييارلىق قىلىنغان.

قەشقەر شەھىرى بۆلۈنۈپ چىقىپ كېتىشتىن ئىلگىرى 1950 - يىلى 7 - ئايدا چاقىرىلغان كونىشەھەر ناھىيىلىك 1 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا سايلاپ چىقىلغان دائىمىي ئىشلار كومىتېتى سىياسىي مەسلىھەش كېڭەشنىڭ خىزمىتىنى ۋەكالىتەن ئۆتىگەن. 1952 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكومنىڭ يوليورۇقىغا، شۇنىڭدەك شىنجاڭ ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەش 1 - سانلىق يىغىنىنىڭ قارارىدا كۆرسىتىلگەن «ھەر دەرىجىلىك يەرلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى تەشكىلاتلىرى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ بولغاندىن كېيىن، ھەر قايسى ناھىيىلەرنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن، سىياسىي كېڭەشنىڭ يەرلىك تەش-

كەلاتىنى داۋاملىق ساقلاپ قالسا بولىدۇ» دېگەن يول-
يورۇقىغا ئاساسەن، ناھىيىلىك پارتكوم سىياسىي كې-
ڭەشكە 45 نەپەر ھەيئەت، توققۇز نەپەر دائىمىي ھەي-
ئەت بەلگىلىگەن. رەئىسلىكنى ناھىيىلىك پارتكوم شۇ-
جىسى جوباۋجە قوشۇمچە ئۆتىگەن. دائىمىي ھەيئەت
ئىچىدىن بىر نەپەر دائىمىي تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن رە-
ئىس (ياقۇپ ھاجى)، بىر نەپەر كاتىپ سايلاپ چىقى-
لىپ، دائىمىي خىزمەت ئاپپاراتى شەكىللەندۇرۇلگەن.
كونىشەھەر ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ تۇن-
جى قېتىملىق يىغىنى 1956 - يىلى 1 - نۆۋەتلىك يىغىنى،
ئومۇمىي ھەيئەتلەر يىغىنى چاقىرىلغان، شۇنىڭدىن
باشلاپ تۈزۈم پەيدىنپەي ساغلاملىشىپ خىزمەت مۇن-
تىزىملاشقان.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە
قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن،
ناھىيىلىك پارتكوم 1956 - يىلى 10 - ئايدا ناھىيە-
لىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى كومىتېتىنى رەسمىي قۇرۇش-
نى قارار قىلغان. شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى نا-
ھىيىدە چاقىرىلغان سىياسىي كېڭەش ئەزالار يىغىنىدا
سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى كومىتېتى رەسمىي قۇرۇلغان.

كونىشەھەر ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى-
نىڭ 1-نۆۋەتلىك كومىتېتى 1-يىغىنى 1956 - يىلى 10 -
ئاينىڭ 25 - كۈنى چاقىرىلغان. سىياسىي كېڭەشنىڭ
ئەزا سانى 51 نەپەر، دائىمىي ئەزاسى 15 نەپەر بولغان.
رەئىس ۋاڭ خۇگېي (ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى)،
مۇئاۋىن رەئىس ئىزامىدىن قازى بولغان.

سىياسىي كېڭەش 2 - نۆۋەتلىك كومىتېتى يىغىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

1960 - يىلى 6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى چاقىرىلغان. ئەزا سانى 53 نەپەر، دائىمىي ئەزاسى 15 نەپەر بولغان.

رەئىس: ۋاڭ خۇڭيى (ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى)

مۇئاۋىن رەئىس: ئىسلام كېرىم، (مۇئاۋىن ھاكىم)، سۇلايمان مەخسۇم بولغان.

سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى 3 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1 - يىغىنى 1961 - يىلى 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى چاقىرىلغان. ئەزا سانى 61 نەپەر، دائىمىي ئەزاسى 19 نەپەر.

رەئىس: ۋاڭ خۇڭيى (ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى)،

مۇئاۋىن رەئىسلەر: بارات يۈسۈپ (ھاكىم)، سۇلايمان مەخسۇم، مامۇت قازاخۇنۇملار بولغان.

سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 1 - يىغىنى 1965 - يىلى 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى چاقىرىلغان. ئەزاسانى 61 نەپەر، دائىمىي ئەزاسانى 19 نەپەر بولغان.

رەئىس: ياڭ باۋخې.

مۇئاۋىن رەئىسلەر: بارات يۈسۈپ، (ھاكىم)، مامۇت قازاخۇنۇم، مەمتىمىن داموللالار بولغان.

مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىي مەزگىلىدە سول لۇشيەن تۈپەيلىدىن سىياسىي كېڭەش ۋە ئۇنىڭ پائالىيىتى توختاپ قالغان، 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ پائالىيىتى قايتا ئەسلىگە كەلگەن.

سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1 - يىغىنى 1981 - يىلى 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى چاقىرىلغان. ئەزاسى 62 نەپەر، دائىمىي ئەزاسى 32 نەپەر بولغان. بۇلار: شىڭ ۋېيۋىن، ئىسلام كېرىم، ۋاھىت ھوشۇر، يۈنۇس

ئىمىن، ليۇجىڭيو، مەھەممەت بارات، مامۇت قازى، ئەمەت قاسىم، ئەمەت روزى، مەشرەپ ساۋۇت، ياڭ تىيەنرىن، هامۇت يۈسۈپ، ئامىنە ئېزىز، ئوبۇل مۇسا، ئابدۇرېھىم مەمتاجىم، ناسىر ئىسمايىل، يۈۋىنچاۋ، مىرزاپ سېلىم، ۋاڭ سىجى، زىكىردىللا، مەرەمنىسا، شاڭ گۇيخۇا.

رەئىس: شىڭ ۋېۋېن، (ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى)

مۇئاۋىن رەئىسلەر: ليۇجىڭيو، ئىسلام كېرىم، ۋاھىت هوشۇر، يۇنۇس ئىمىن، مەھەممەت بارات، مامۇت قازى، ئەمەت قاسىم، مەشرەپ ساۋۇتلار بولغان.

سىياسىي كېڭەش 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 1 - يىغىنى 1984 - يىلى 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى چاقىرىلغان. ئەزا سانى 75 نەپەر، دائىمىي ئەزاسى توققۇز نەپەر، بۇلار: ئىسلام كېرىم، ليۇ جىڭيۇ، يۇنۇس ئىمىن، مەشرەپ ساۋۇت، جاڭ يوڭجوڭ، مەھەممەت هاجىم، مەھەممەت بارات، مەرەمنىسا، ئامىنە ئېزىز، شياڭ گويخۇا، تۇرسۇن سىدىق، ياقۇپ داموللام، باۋدىيەنخۇا، ياڭ جىڭمىن، شىرىپ ھەسەن، ئابدۇرېھىم هاجىم، ۋاڭ زىگاڭ، زىكىردىللا، ئابدىكېرىم ئەھمىدى.

رەئىسى: ئىسلام كېرىم.

مۇئاۋىن رەئىسلەر: ليۇجىڭيو، يۇنۇس ئىمىن، مەشرەپ ساۋۇت، جاڭ يوڭجوڭ، مەھەممەت بارات، مەھەممەت هاجىم.

سىياسىي كېڭەش 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1 - يىغىنى 1987 - يىلى 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى چاقىرىلغان. ئەزا سانى 75 نەپەر، دائىمىي ئەزا سانى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

17 نەپەر، بۇلار: مامۇت ئىسمايىل، ليو پىياۋ، مەشرەپ ساۋۇت، يۇنۇس ئىمىن، جاك يوگجوك، كېرىم قاسىم، تۇردى ھاجىم، ياك جىڭئەن، تۇرسۇن ئابدىراخمان، باۋدىيەنخۇا، مەرەمنىسا، ئابدىرېھىم مەمتاجىم، ئابدىكېرىم ئەھمىدى، شەرۋان ئىمىن، زىكرىللا، ياك يىپى، ۋاڭ زىڭاك.

رەئىس: مامۇت ئىسمايىل.

مۇئاۋىن رەئىسلەر: ليو پىياۋ، مەشرەپ ساۋۇت، يۇنۇس ئىمىن، جاك يوگجوك، كېرىم قاسىم، تۇردى ھاجىم.

سىياسىي كېڭەش 8 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1 ـ يىغىنى 1990 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى چاقىرىلغان، ئەزا سانى 75 نەپەر بولۇپ 2 ـ يىغىنىدا كۆپەيتىپ تولۇقلانغان، جەمئىي ئەزا سانى 103 نەپەر، دائىمىي ئەزا سانى 17 نەپەر. بۇلار: مامۇت ئىسمايىل، قاسىم ئابدۇللا، جاك يوگجوك، كېرىم قاسىم، ياك جىڭئەن، ساۋۇت ئۆمەر، تۇردى ھاجىم، تۇرسۇن ئابدىراخمان، باۋ دىيەنخۇا، ئابدۇرېھىم مەمتاجىم، ئابدىكېرىم ئەھمىدى، شەرۋان ئىمىن، شياۋزىتاك، ليوخەنجاك، زەيتۇنەم، ئەركىن ئىمىن، تاك يويەن.

رەئىس: مامۇت ئىسمائىل.

مۇئاۋىن رەئىسلەر: قاسىم ئابدۇللا، جاك يوگجوك، كېرىم قاسىم، ياك جىڭئەن، ساۋۇت ئۆمەر، تۇردى ھاجىم.

سىياسىي كېڭەش 9 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1 ـ يىغىنى 1993 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى چاقىر

ردلغان. ئەزا سانى 122 نەپەر، دائىمى ئەزا 23 نەپەر،
بولار: ئەركىن ئىمىن، ھەسەنجان ساقى، ياڭ جىڭ-
ئەن، مىجىت ئەمەت، چىن شياۋلوڭ، ئابدىكېرىم قارا-
جىم، قاسىم ئابدۇللا، مامۇت ئىسمايىل، ۋىسى يەنشو،
تۇرسۇن ئابدىراخمان، شەرۋان ئىمىن، شياۋزىتاڭ، ئاب-
دىكېرىم ئەھمىدى، زەيتۇنەم، تاڭ يويەن، ئوبۇلقاسىم
مامۇت، ھۆسىيىن سادىق، شى شۇاڭشاڭ، ئېزىز يۈنۈس،
ئەخبەت راخمان، رەنيافۇ، ھامۇت قاراجىم، سى ۋىخەن.

رەئىس: ئەركىن ئىمىن.

مۇئاۋىن رەئىسلەر: ھەسەنجان ساقى، ياڭ-
جىڭئېن، مىجىت ئەمەت، چىن شياۋلوڭ، ئابدىكېرىم
قاراجىم.

سىياسىي كېڭەش 1 - نۆۋەتلىك كومىتېتىدىن
9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىغا قەدەر رەئىس، مۇئاۋىن
رەئىس بولغانلاردىن ھازىرغىچە ۋاپات بولغانلار: نى-
زامىدىن قازاخۇنوم، سۇلايمان مەخسۇم، بارات يۈسۈپ،
مامۇت قازاخۇنوم، ساڭ باۋخى، مىھتىمىن داموللام،
ليۇجىڭيو، ۋايىت ھوشۇر، مەھەممەت بارات، مىھەممەت
ھاجىم مەۋلىۋى، تۇردى نىيازھاجىم.

دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققانلار: ۋاڭ خوگيى،
ئىسلام كېرىم، شىڭ ۋېيۋېن، يۈنۈس ئىمىن، مىشرەپ
ساۋۇت، ئىمىت قاسىم، ئەمەت روزى، ليوفىياۋ، ما-
مۇت ئىسمايىل، جاڭ يوگجوڭ، ساۋۇت ئۆمەر.

يۇقىرىقى كىشىلەردىن بەزىلىرى سىياسىي كې-
ڭەشتە خىزمەت ئىشلەۋاتقان مەزگىلدە ۋاپات بول-
دى ياكى سىياسىي كېڭەشتىن يېشى توشۇپ پېنسى-
يىگە چىقتى، بەزىلىرى باشقا جايلارغا خىزمەت

ئالماشقاندىن كېيىن شۇ ئورۇنلاردا ۋاپات بولدى ياكى دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىقتى.

ناھىيىمىزدە سىياسىي كېڭەش كومىتېتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 11 ‑ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ‑ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ سانى داۋاملىق كۆپەيدى، سۈپىتى بارغانسېرى ئۆستى، رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى. «سىياسىي ئىشلاردا مەسلىھەتلىشىش، دېموكراتىك نازارەت قىلىش»تىن ئىبارەت فۇنكسىيىلىك رولىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن تېخىمۇ مۇھىم تۆھپە قوشتى. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە نۆۋەتتە ئىسلاھات ‑ ئېچىۋېتىش، مۇقىملىق، تەرەققىيات ئۈچۈن، تىرىشىپ ئۆز رولىنى يېنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا جارى قىلدۇرماقتا.

## توققۇزاق بازىرى توغرىسىدا

ناھىيىمىز زېمىنى قەشقەر بوستانلىقىنىڭ مەركىزىي قىسمىغا ئورۇنلاشقان . ناھىيىمىز زېمىنىدا ناھىيە تەسىس قىلىنغاندىن ئىلگىرىمۇ ۋە 1883 ‑ يىلى ناھىيە تەسىس قىلىنغاندىن كېيىنمۇ، قەدىمكى شەھەر قەشقەر ناھىيىمىزنىڭ مەمۇرىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي، سودا ، مەدەنىيەت ۋە مائارىپ مەركىزى بولۇپ كەلگەن، شۇڭا، ناھىيىمىز كونىشەھەر ناھىيىسى دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

1952 ‑ يىلى 5 ‑ ئاينىڭ 23 ‑ كۈنى يۇقىرىنىڭ تەستىقى بىلەن ناھىيىمىز ‑ شەھەر ئىچى ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى بىر قىسىم يېزا ‑ كەنتلىرى ئايرىلىپ، قەشقەر شەھىرى تەسىس قىلىندى. بىر قىسىم تەييار‑

لىق خىزمەتلىرى ئىشلىنىپ 1955 - يىلى كۈزدە كونا-
شەھەر ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمى-
تى قاتارلىق ناھىيىمىزنىڭ ئىدارە - جەمئىيەت ئور-
گانلىرى قەشقەر شەھىرىدىن 16 كىلومېتىر يىراقلىقتى-
كى توققۇزاق بازىرىغا كۆچۈپ چىقتى.

توققۇزاق بازىرى — ئازادلىقتىن ئىلگىرى توق-
قۇزاق بەگلىكىگە قارايدىغان، ھەر چارشەنبە كۈنى با-
زار بولىدىغان بىر بەگلىك ھويلا، بىر ساقچى رايونى،
بىر باشلانغۇچ مەكتەپ، بىر نەچچە سوداۋە قول-ھۈنەر-
ۋەنلەر دۇكانلىرى، ساراي (دەڭ) بولغان. بۇ بازار
ئوغۇساق، زەمىن، سايباغ يېزىلىرىنىڭ دېھقانلىرى
يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئالماشتۇرىدىغان كى-
چىك بىر بازار ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىنمۇ توققۇزاق
رايونىنىڭ 6 - يېزىسى ئىدى. ناھىيىلىك پارتكوم
ۋە ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى سىياسىي، مەمۇ-
رىي، ئىقتىسادىي مۇئەسسەسەلەر توققۇزاق بازىرىغا كۆ-
چۈپ چىققاندىن كېيىن، 1958 - يىلى 4 - ئاينىڭ 9 -
كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستى-
قى بىلەن توققۇزاق رايونىنىڭ 6 - يېزىسىدا يېزا
دەرىجىلىك بازارلىق ھۆكۈمەت تەسىس قىلىندى.

بازار رايونىنىڭ يەر شەكلى تەكشى تۈزلەڭ، دېڭىز يۈ-
زىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1305 مېتىر، ھاۋا رايى
مۆتىدىل بەلباغ، قۇرۇقلۇق قۇرغاق ھاۋا كىلىماتىغا
تەۋە. تۆت پەسىل ئېنىق، ياز ئۇزۇن، قىش قىسقا،
ئوتتۇرىچە تۆۋەن تېمپېراتۇرا 6.9 گرادۇس، قىشتى-
كى ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا 35.2 سەلسىيە گرادۇس،
ئەڭ ئىسسىق ۋاقىت 7 - ئاي بولۇپ، ئەڭ يۇقىرى

تېمپېراتۇرا 39 سېلسىيە گرادۇس، يىللىق ئوتتۇرىچە قىراۋسىز مەزگىل 221 كۈن، يىللىق ئوتتۇرىچە كۈن نۇرىنىڭ يورۇتۇش ۋاقتى 2870.6 سائەت.

يېزا ئىگىلىكى، بولۇپمۇ كۆزلۈك زىرائەتلەرنىڭ پېشىپ يېتىلىشىگە، ۋە قۇياش ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىشقا تەبىئىي ئىمكانىيىتى ياخشى، ئوتتۇرىچە يىللىق ھۆل-يېغىن مىقدارى 72.2 مىللىمېتىر، پارغا ئايلىنىش مىقدارى 3537.8 مىللىمېتىر، غەربىي شىمال شامىلى كۆپ چىقىدۇ. ئوتتۇرىچە شامال سۈرئىتى ئىككى مېتىر سېكۇنت، ئەڭ يۇقىرى سۈرئەت 30 مېتىر سېكۇنت (11 بال)، بۇ ھال سۈنئىي سۇغىرىشقا بولغان بېسىمنى كۈچەيتىدۇ.

ھازىر توققۇزاق بازىرى ئىچىدە خەلق يولى، غالىبىيەت يولى، مەدەنىيەت يولى، ئىتتىپاق يولى، زەدىمەن يولى، مەنگەن يولى، شوغوز يولى، ئىشلەمچى يولى قاتارلىق سەككىز يول، ئۈچ كەنت، بىر مەھەللە بار. (ئاياغ شوغوز، لەنگەر، تۆۋەنكى ھويلا كەنتلىرى ۋە گەدەن مەھەللىسى) ئاساسلىق يوللار ئاسفالتلاشتۇرۇلغان. ئاساسىي يولنىڭ كەڭلىكى 12 مېتىر، ئورمان بەلبېغى، ۋېلسىپىت يولى ۋە پىيادىلار يولى ئايرىلغان، رېدە، مەجنۇنتال، مانتا سۆگەت، چىنار، تېرەك قاتارلىق دەرەخلەر بىلەن كۆكەرتىلگەن. بازارنىڭ شىمالىي تەرىپىدە مەنگەن ئۆستىڭى، جەنۇب تەرىپىدە شوغوز ئۆستىڭى غەربتىن شەرققە قاراپ ئېقىپ تۇرىدۇ، ئىچىملىك سۇ ۋە يۇندە يوللىرى راۋانلاشتۇرۇلغان. جۇڭگو-پاكىستان تاشيولى ناھىيە مەركىزىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. بازار ئىچىدە پارتكوم، ھۆكۈمەت ۋە

ھەر قايسى ئىدارە-جەمئىيەت، شىركەت،سودا - تەمىنات تارماقلىرى، تۆت بانكا، دوختۇرخانا، كىنوخانا سەنئەت ئۆمىكى، تەنتەربىيە مەيدانى، ناھىيىلىك خەلق باغچىسى، باغۋەنچىلىك مەيدانى، زاۋۇت كارخانىلار دىن باشقا، ئىككى ئورۇندا تولۇق ئوتتۇرا، (كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا 9 - ئايدا پۈتتۈپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى. بىر مۇكەممەل ئوتتۇرا (خەنزۇ)، تولۇقسىز ئوتتۇر (مىللىي)، ئۈچ باشلانغۇچ مەكتەپ (بىرسى خەنزۇچە مەكتەپ)، بىر بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى، بىر يېتىم-يېسىرلار مەكتىپى قاتارلىق ئورۇنلار بار.

ناھىيە بازىرىدىكى قورۇلۇشلارنىڭ كۆپچىلىكى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت كۆچۈپ چىققاندا ئىسپلىنغان كېسەك، ياغاچ قورۇلمىلىق كونا قورۇلۇشلار بولۇپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي قورۇلۇشنى ئوق قىلغان ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش دولقۇنىدا زامانىۋى پىششىق خىش ۋە بېتون قورۇلمىلىق قەۋەتلىك بىنالار كۆپىيىپ، يېڭى بىر زامانىۋى شەھەر قىياپىتىنى نامايان قىلماقتا.

نۆۋەتتە توققۇزاق بازىرى — ناھىيىمىزنىڭ سىياسىي، مەمۇرىي، ئىقتىسادىي، سودا ۋە سانائەت مەركىزى بولۇپ، توققۇزاق بازىرىنىڭ نامى توغرىسىدا خەلق ئىچىدە ھەر خىل رىۋايەتلەر ۋە ھەر خىل چۈشەندۈرۈشلەر بار:

1. مىلادىيە 3 - ئەسىردە خېشى كارىدورىدىن ئېلى ۋادىسىغا كۆچۈپ بارغان ئۇيسۇنلار ئۇ يەردىكى ساكلارنى قوغلىۋەتكەن، قوغلانغان ساكلارنىڭ بىر قىسمى جەنۇبقا كۆچۈپ، ھازىرقى توققۇزاق ئەتراپىغا

ئورۇنلاشقان. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئوغۇساق (ئوغۇز- ساك)، ئىنىساق (ئاناساك)، تۆگىساق (تۆگەل ساك)، ئېكىساق(ئىلىك ساك)، قونساق (قون ساك) قاتارلىق ناملار پەيدا بولغان. شۇنداق ساك قەبىلىلىرىدىن توققۇزىتوققۇزاققا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن توققۇز ساك دېگەن مەنىدە توققۇزاق بولۇپ ئاتالغان.

2. كۆچۈپ كەلگەن ساكلار توققۇز قەبىلە بولـسىمۇ ئۇلار بۇ يەردە ماكانلاشقاندىن كېيىن ھاللىنىپ قۇدرەت تېپىپ، توققۇز يەردە شەھەر، قەلئە بەرپا قىـلىپ، ئۇلۇغ ساك، كۆپ ساك دېگەن مەنىدە توققۇزساك، توققۇزاق دەپ ئاتالغان.

3. ئىسلام دىن تارقاتقۇچىلىرىدىن بىرى بولغان سەييىت جالالىدىن باغدات (ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا بىناكارلىق شىركىتىنىڭ ئورنىدا مازىرى بولۇپ يۆتكىۋېتىلگەن) مۇسۇدا كەنتىگە چۈشكەندە يەرلىك خەلق ھۆرمەت يۈزىسىدىن توققۇز قاتلاق خام تەقدىم قىلغانىكەن. سەييىت جالالىدىن باغدات: — بۇ مۇسۇلمانلار ياخشى ئىكەن، شۇڭا، بۇلارنىڭ يۇرتى توققۇز ئاق – توققۇزاق دەپ ئاتالغاي دېگەن. شۇنىڭ بىلەن توققۇزاق دەپ ئاتالغان.

4. ئوغۇساق كۆۋرۈكىدىن قولچى كەنتىگىچە بولـغان قەدىمكى يول ئۈستىدە توققۇز پارچە ئاق يەر ياـكى بىنام بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن توققۇزئاق – توققۇـزاق دەپ ئاتالغان، دېگەندەك چۈشەندۈرۈشلەر بار.

تۆۋەندە توققۇزاق ناھىيىسىنىڭ كېلىپ چىقىشىـنى شەرھىلەيدىغان ئىككى پارچە تارىخىي رىۋايەتنى ئىلاۋە قىلىمىز.

## 1. توققۇزاق نامى توغرىسىدا رىۋايەت

مۆتىۋەرلەر، تارىخىي كىتابلار، نوپۇزلۇ تارىخچىلارنىڭ چۈشەندۈرۈشىگە ۋە توققۇزاق ئەتراپىدىكى ئاخىرىدا ساك (ساق) نامى قوشۇلۇپ كېلىدىغان بىر قانچە يۇرت ناملىرىغا قارىغاندا، توققۇزاق — «توققۇزساك» دېگەن نامىنىڭ ھازىرقى تەلەپپۇزى دەپ چۈشەندۈرۈش — تارىخىي ئىلىمغا، ئەمەلىيەتكە ۋە ئەقىلگە ئۇيغۇن. بۇ توغرىدا مۇنداق بىر رىۋايەت بار:

ياۋچىلار تەرىپىدىن ئېلى ۋادىسىدىن قوغلانغان ساكلارنىڭ پادىشاھى توققۇز قەبىلىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆزىنىڭ ئېتنىك قېرىنداشلىرى ياشايدىغان سۇلۇق سۇلىپ (قەشقەر) رايونىغا كېلىپ، كۆك ئارتىنىڭ (پامىرنىڭ) شەرقىي تەرەپلىرىگە ماكانلىشىپتۇ، ئەۋزەل سۇ، تۇپراق، ئوت - چۆپلۈك، يايلاق شارائىتىدا ھاللىنىۋاتقان ساكلار ئۇزاق ئۆتمەي ئۆز شەھىرى ۋە قورغانلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، قۇدرەتلىنىپتۇ. ئۇزىنىڭ كونا دىنىي ئېتىقادى بولغان شامان دىنىدىن يەرلىك ۋە ئىرانلىق دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ دەۋەتلىرى بىلەن مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بوپتۇ. ئۇلارنىڭ پادىشاھى — ئانىقاز شەھىرىدە تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، دىنىي ۋە مىللىي مۇراسىملىرى مانى كەنت (مەنگەن) دەپ ئاتىلىدىغان بەش دەرۋازىلىق شەھەردە بولىدىكەن.

ساكلار ئۆز تەۋەسىنى ئېلىك خانلارغا سويورغال (بۆلۈشتۈرۈپ باشقۇرۇش) قىلىپ بۆلۈپ بېرىش ئارقىلىق باشقۇرغان بولۇپ، بۇنداق سويورغال زېمىنلار ئېلىك خانلارنىڭ نامى بىلەن ئاتىلار ئىكەن،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ساكلارنىڭ ئەمەلدارلىرىدىن تارتىپ ئاددى پۇقرا-
لىرىغىچە ئۆز ئىسىملىرىنىڭ ئاخىرىغا (ساك) نامىنى
قوشۇپ چاقىرىشىدىكەن.

ئېكساق (ئىلىك ساك)، بايساك (بەگساك)، تۆ-
گىساق (تۆگەل ساك)، ئوغوساق (ئوغوز ساك)، ئىنى-
ساك (ئانا ساك)، قونساق (قون ساك) دەپ ئاتالغان
يۇرتلار نامى ئۇنىڭغا ساك پادىشاھى تەرىپىدىن قو-
يۇلغان كىچىك ئىلىك خانلارنىڭ نامى ئىكەن.

كۈزدە مول ھوسۇل تويى ئۆتكۈزۈش — ئۇلار-
نىڭ ئەنئەنىسى بولۇپ، مول ھوسۇل تويى چوڭ مۇ-
راسىمى ئىكەن. بۇ مۇراسىم توققۇز كۈن داۋاملىشى-
دىكەن. ئەڭ ئۈچقۇر ئات، ئەڭ كۈچتۈكگۈر نار، ئەڭ
سېمىز كالا ـ قويلار، ئەڭ سوقۇشقاق بۇقا ـ قوچقار-
لار، يوغان سەركىلەر، توقماقتا چىقىدىغان ئۆچكىلەر،
تالاشتۇرىدىغان ئىت، سوقۇشتۇرۇلىدىغان خوراز، ئا-
جايىپ يوغان قوغۇن ـ تاۋۇز، كاۋا ـ قاپاقلار، ئوخ-
شىغان بۇغداي ـ قوناق باشلىرىدىن ياسالغان دەستى-
لەر، غۇژمەك ـ بولۇپ يېتىلگەن ئالما، ئا-
نار، شاپتۇل، ئامۇت، بېھى، ئۈزۈم شاخلىرىنى كۆتۈ-
رۈشكەن ساكلار مانى كەنتىگە يىغىلىپ، مول ھوسۇل
خۇشاللىقىنى نامايان قىلىپ، چېلىشىش، ئات بەي-
گىسىدىن باشلاپ خوراز سوقۇشتۇرۇشقىچە بولغان تۈر-
لۈك پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈشىدىكەن. بوزا، قىمىز،
شاراب ئىچىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، ساما سېلىشىدىكەن.

بارلىق ساكلار يىغىلىپ ئويۇن ـ تاماشا، يې-
مەك ـ ئىچمەك تەرىپىدىن توققۇزى تەل بولۇشۇپ،
توققۇز كۈن مول ھوسۇل شادلىقى بىلەن دەۋران

سۇرىشىدىكەن، بۇ ئورۇن «تـوققۇز سـاك» دەپ ئاتال-
غانىكەن.

توققۇز سۆزى — بىزدە ھەممىسى كۆپ، بارلىق، جىق، ئۇرغۇن دېگەن مەنىدە دەپ چۈشـەندۈرگەندە، «توققۇزاق» بارلىقسا كلار يىغىلىپ، كۆپلىگەن تاماشا بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يەر دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. («كونىشەھەر خەلق رىۋايەتلىرى» دېگـەن كىتابتىن ئېلىندى).

## 2. مانى كەنتى (مەنگەن) ھەققىدە رىۋايەت:

ھازىرقى كونىشەھەر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق توققۇزاق بازىرىنىڭ غەربىي تەرىپى (يۇ-قـارقى مەنگەن)، شەرقىي تەرىپى (تۆۋەنكى مەنگەن)، شەرقىي جەنۇب تەرىپى «ھاساتام» دەپ ئاتىلىدۇ.

80 ياشتىن ئاشقان پېشقەدەم مائارىپچى ئـابدىرېھىم رازى كىچىك چاغلىرىدا يۇرت ئاقساقاللىرىدىن ماللاخۇن ھاجىم، توختى چوڭ، مەدىل مـوللام، ئاتا-ۋۇللا ئاخۇنۇم، ھوشۇر چوڭ، يۈسۈپ چوڭ، مـەھەممەت چوڭ، كېرىم ئاخۇنلاردىن ئاڭلىغانلىرىغا ئاساسەن، ما-نى كەنتى (مەنگەن) ۋە ھاساتام ھەققىدە مۇنداق بىر رىۋايەت قىلىدۇ:

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، پۈتۈن قەشقەرگە كېڭەيتىشتىن ئىلگىرى مەنگەن (مانى كەنتى) دەپ ئاتىلىدىغان بىر شەھەر ئىكـەن. بۇ شەھەرنى ئوراپ تۇرىدىغان سېپىل «ھېسـارتام» (كېيىنچە ھاساتام دەپ ئاتالغان) دەپ ئـاتىلىدىكەن. بۇ شەھەرنىڭ قاتار ئېچىلغان بەش دەرۋازىسى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بولۇپ، قاپ ئوتتۇرىسىدىكى دەرۋازىدىن پادىشاھ كىرىپ چىقىدىكەن. پادىشاھنىڭ ئىسمى «ئاق باشخان» دەپ ئاتىلىدىكەن، ئىككى يانىدىكى ئارا دەرۋازىدىن ۋەزىر-ۋۇزرالار ۋە باشقا ئوردا خادىملىرى كىرىپ چىقىدىكەن. ئەڭ چەتتىكى كىچىك دەرۋازىدىن پۇقرالار كىرىپ-چىقىدىكەن. بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى ھەم پۇقرالىرى مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن، مانى دىنى بۇ شەھەردە ناھايىتى ئەۋج ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرى تولۇق ئىجرا قىلىنىدىكەن، ھەرقېتىملىق دىنىي مۇراسىملاردا كەڭ كۆلەملىك پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلىدىكەن. بۇ شەھەرنىڭ پۇقرالىرى مانى دىنىغا شۇنداق ئېتىقاد قىلىدىكەنكى، باشقا دىنلارنى زادى قوبۇل قىلمايدىكەن، شۇڭا، بۇ شەھەر، بۇ يەردە ياشىغۇچى خەلق ئېتىقاد قىلىدىغان مانى بىلەن باغلاپ، مانى كەنتى دەپ ئاتىغانىكەن.

سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانىدىن كېيىن ئۆز دائىرىسىدىكى شەھەر، ئايماق، يېزىلارغا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشنى زورلاپتۇ. بەزىلىرى قوبۇل قىپتۇ، بەزىلىرى قوبۇل قىلماپتۇ. مانى كەنتى پۇقرالىرى ئۆز دىنىي ئېتىقادىدا چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن سۇتۇق بوغراخان لەشكەرلىرى نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنى قىرىپ تاشلاپتۇ. ئۆلگەنلەر ئۆلۈپتۇ، تىرىك قالغانلار ئەتراپىدىكى يېزا، قىشلاقلارغا قېچىپ كېتىپتۇ. شەھەرنى ئالغان سۇتۇق بوغراخان لەشكەرلىرى ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن بۇ شەھەرنى كۆيدۈرۈپ ۋەيران قىلىپ. شەھەر سېپىلىنى بۇزۇپ

تاشلاپتۇ. شۇ چاغدا ئۈزۈلمەي قېپقالغان قىسمى — «هاساتام» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خارابىگە ئايلىنىپتۇ.

ئازادلىقتىن كېيىن مەنگەن كەنتى تەۋەسىدىكى دېھقانلار هاساتام خارابىلىقىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن يەر ئاچقاندا، بۇ يەردىن نۇرغۇنلىغان ساپال قاچا، كۈپ، تۈرلۈك مىس پۇل، ئۆي سايمانلىرى چىققان. سۇ قويسا سۇ يەر ئاستىدىكى ئۆڭكۈر-گۆرلەرگە كىرىپ كېتىپ، دەسسىگەن ئادەملەر ئۆڭكۈرگە چۆكۈپ كەتكەنىكەن.

دېمەك، مانى كەنتى (مەنگەن) قەدىمكى زامان مانى دىنى ئەۋج ئالغان بىر شەھەر بولۇپ، هاساتام ئۇنىڭ سېپىلى ئىكەن. كېيىنچە تىل تاۋۇشلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى قوشۇلۇپ، چۈشۈپ قېلىشى تۈپەيلىدىن «مانى كەنتى» (مەنگەنگە)، «هېسار تام» (هاسا تامغا) ئۆزگىرىپ كەتكەنىكەن. 1955-يىلى كونىشەھەر ناهىيىلىك خەلق هۆكۈمىتى توققۇزاق بازىرىغا كۆچۈپ بارغاندىن بۇيان «مانى كەنتى» توققۇزاق دەپ ئاتالغان بۇ كىچىك بازار گۈللەنگەن ئاۋات شەھەرگە ئايلىنىپ، پۈتۈن ناهىيىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلاندى.

(«كونىشەھەر خەلق رىۋايەتلىرى» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى.)

●

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# گۈللىنىۋاتقان كونىشەھەر

## كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ يەر ۋە سۇ بايلىقى

### قاۋۇل كېرىم

### يەر بايلىقى

قەشقەر بوستانلىقىنىڭ مەركىزى قىسمىغا، قىزىل ۋەگەز دەرياسىنىڭ تىنىدۇرما تۈزلەڭلىكىگە جايلاشقان كونىشەھەر ناھىيە تېررىتورىيىسى ئەزەلدىن قەشقەرنىڭ قەدىمكى دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ بىرى ئىدى. يەر تۈزۈلۈشى غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا قىيپاش، چەت - ياقا تاغلىق رايونلىرىنىڭ يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى شالاڭراق، نەملىك ساقلاش ئىقتىدارى تۆۋەن، تۇپرىقى قۇۋۋەتلىك بولۇپ، تاغلىق رايونلار ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 56 پىرسەنتىنى، تۈزلەڭلىك 44 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. 1982 - يىلىدىكى 2 - قېتىملىق تۇپراق تەكشۈرۈشتە ۋە كېيىنكى چېگرا بەلگىلەش ۋە ئۆلچەش ئارقىلىق پۈتۈن ناھىيىمىزنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 4146 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئۆلچەملىك موغا سۇندۇرغاندا 6 مىليون 220 مىڭ موغا تەڭ ئىكەنلىكى ئىسپاتلاپ چىقىلدى. بۇنىڭدىن دېھقانچىلىق تېرىلغۇ يېرى (سۇغىرىلىدىغان) 889 مىڭ 727 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 14.3 پىرسەنتىنى، دېھ-

قانلار نىڭ ئۆيلۈك يەر ئور نى5 8مىڭ235 مو بولۇپ، ئومۇ-
مىي يەر كۆلىمىنىڭ1.3 پىرسەنتىنى، باغ كۆلىمى32مىڭ 27
مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ0.5 پىرسەنتىنى، ئور-
مان يەر كۆلىمى276مىڭ 191مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆ-
لىمىنىڭ 4.4 پىرسەنتىنى، بىنام يەر كۆلىمى 889مىڭ
516مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ14.3 پىرسەنتىنى
(بۇنىڭ ئىچىدە 295مىڭ617 موسى تۈزلەڭ ئوتلاقلىق )
سۇ سىستېمىلىرى ئىگىلىگەن. يەر 96مىڭ387مو بولۇپ، ئو-
مۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 1.6 پىرسەنتىنى، يولغا كەتكەن
يەر 87مىڭ214 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ1.4 پىر-
سەنتىنى، ساي-چۆل-جەزىرە317مىڭ456مو بولۇپ، ئومۇ-
مىي يەر كۆلىمىنىڭ 5.7 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ،
(تاغ باغرىدىكى قورغان، ئوتلاقمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) .
سىرتقى ئورۇنلار ئىشلىتىۋاتقان يەر 105مىڭ982مو بولۇپ،
ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 1.7 پىرسەنتىنى، باشقا ئىش-
لارغا ئىشلەتكەن يەر 26مىڭ 530 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر
كۆلىمىنىڭ 0.4 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

تاغ كۆلىمى3مىليون412مىڭ289مو بولۇپ، ئومۇمىي
يەر كۆلىمىنىڭ 54.4 پىرسەنتىنى (بۇنىڭ ئىچىدە240
مىڭ 348 موسى چۆل باياۋاندىكى ئوتلاق) تەشكىل قىلىدۇ.

كونىشەھەر ناھىيىسىدىكى ھەرمىللەت خەلقى889
مىڭ720 مو يەرگە بۇغداي، قوناق، كېۋەز، مايلىق دان،
قوغۇن - تاۋۇز، سەي-كۆكتات تېرىپ ئۈز تۇرمۇشىنى
قامدىغاندىن تاشقىرى، بىر قىسىم يېزىلار دەريا بوي-
لىرى، بۇلاق ئەتراپلىرىدا شال تېرىيدۇ. ئوتلاقلاردا
چارۋا بېقىپ ئۆزىنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنى ياخشىلاپ ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

چارۋىچىلىق ئارقىلىق دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىقنى ئىلگىرى سۈرۈپ كەلمەكتە. بولۇپمۇ كېۋەز (پاختا) تېرىلغۇ كۆلىمىنى كۆپەيتىش، سورتىنى ياخشىلاش، ئىلمىي پەرۋىش قىلىش، ھەر خىل كېۋەز زىيانداشلىرىنى يوقىتىش ئارقىلىق مەھسۇلات يىلمۇ-يىل ئېشىپ، دېھقانلارنى بېيىتىشنىڭ ئاساسلىق يوللىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. دېھقانلىرىمىز ئىشلەپچىقارغان پاختا سورتىنىڭ ياخشىلىقى بىلەن تەلەپنى قاندۇرالماي كەلمەكتە.

باغۋەنچىلىكمۇ كونىشەھەر ئىگىلىكىدىكى ئاساسلىق تۈۋرۈكلەردىن بىرى. ئەنجۈر، ئانار، ئۈزۈم، توغاچ، شاپتۇل، ئۆرۈك، پىستە، بادام ناھىيىمىزنىڭ مەشھۇر ۋە ئىستىقباللىق باغ مەھسۇلاتلىرىدۇر.

## سۇ بايلىقى

ناھىيىمىز ئاساسلىقى دەريا سۈيىگە تايىنىپ يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ناھىيە. ناھىيىمىزنىڭ سۇ ئىشلىرىنىڭ ياخشى-يامان بولۇشى ناھىيىمىز ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىش-راۋاجلانماسلىقىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش.

ناھىيىمىزنىڭ سۇ مەنبەسى ئاساسلىقى قىزىل، گەز، تۈمەن، چاقماق دەريالىرى ۋە ئىچكى قىسىمدىكى بىر بۆلۈك بۇلاق سۇلىرىدىن ئىبارەت.

ناھىيىمىزگە سۇ مول بولغان يىللىرى 1 مىليارد كۇب مېتىر، سۇ قىس بولغان يىللىرى 850 مىليون كۇب مېتىر، ئوتتۇراھال يىللىرى 915 مىليون كۇب مېتىر سۇ باشلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە دەريا سۈيى 600 مىليون كۇب

مېتر، بۇلاق سۈيى 311 مىليون كۇب مېتر ئەتراپىدا،
1993 - يىلى دەريا، بۇلاق سۇلىرىدىن ناھىيىمىزگە 882
مىليون 720 مىڭ كۇب مېترسۇ ئېلىنغان. ھەرموتېرىلـ
غۇ يەرگە 178 كۇبتىن توغرا كېلىدۇ. (50% پايدىلىـ
نىش ئۈنۈمى بويىچە ھېسابلىغاندا 89 كۇب مېترسۇ ئېتىزغا
كىرىدۇ.)
(1) قىزىل دەرياسى — بۇ دەريا ناھىيىمىزنىڭ
غەربىدىن شەرقىگە كېسىشىپ ئۆتۈپ، ناھىيىمىز ئىچىـ
دە 75 كىلومېتر مۇساپىدا ئاقىدۇ. تارىختىكى ئەڭ يۇـ
قىرى ئېقىن مىقدارى 1600 مېتر كۇب سېكونت، ئەڭ
تۆۋەن ئېقىن مىقدارى 16 مېتر كۇب سېكونت، ناھىيىـ
مىز قىزىل دەرياسىدىن 35.57% سۇ ئالىدۇ. ناھىيىمىزـ
گە تەقسىم قىلىنىدىغان يىللىق سۇمىقدارى 468 مىلـ
يون كۇب مېتر، سۇغىرىش كۆلىمى 762 مىڭ 123 مو،
ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر موغا تەخمىنەن 614 كۇب
مېتر سۇ توغرا كېلىدۇ.
(2) گەز دەرياسى — گەز دەريا ناھىيىمىز دائىـ
رىسىدە 55 كىلومېتر مۇساپىدە جەنۇبتىن شەرققە قاـ
راپ ئاقىدۇ. ئەڭ چوڭ ئېقىن مىقدارى 400 مېتر كۇب
سېكونت، ئەڭ تۆۋەن مىقدارى 7 مېتر كۇب سېكونت،
ناھىيىمىز ئوتتۇرىچە نىسبەت بويىچە 14.75% نىسـ
بەتتە سۇ ئالىدۇ. يىللىق تەقسىم قىلىپ ئالىدىغان
سۇ مىقدارى 145 مىليون كۇب مېتر، سۇغىرىش كۆلىمى
325 مىڭ 132 مو، ئوتتۇرىچە ھېساب بىلەن ھەر موـ
غا توغرا كېلىشى تەخمىنەن 446 كۇب مېتر.
(3) تۈمەن دەرياسى — بۇ دەريانىڭ سۇ مەنبەسى

بۇلاق سۈيى بولۇپ، باشلىنىش نۇقتىسى لەڭگەر يېزىسى بىلەن سەمەن يېزىسىنىڭ چېگرىسىدىن ئاياغقا بارغانسېرى سۇ مىقدارى كۆپىيىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 65 كىلومېتىر، تارىختا بۇ دەريانىڭ ئەڭ يۇقىرى ئېقىن مىقدارى 7 مېتىر كۇب سېكونت بولۇپ، 60 - يىللاردىن باشلاپ تەدرىجىي ئازلاپ 3 مېتىر كۇب سېكونتقا چۈشۈپ قالدى، سۇغىرىش كۆلىمى 150 مىڭ مو.

(4) چاقماق دەرياسى — بۇ دەريا قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ ئۇستۇن ئاتۇش يېزىسى دائىرىسىدىن 27 كىلومېتىر مۇساپىنى بېسىپ، ناھىيىمىز دائىرىسىگە كىرىدۇ. ناھىيىمىزگە كېلىشلىك سۇ نىسبىتى 25% بولۇپ، سۇ مىقدارىنىڭ ئاز، مۇساپىسىنىڭ ئۇزۇن، دەريا ئېقىنىنىڭ كەڭلىكى ۋە ئۇستۇن ئاتۇش يېزىسىدىكى ئېقىنلارنىڭ كۆپلۈكىدىن نىسبەتلىك سۇ يېتىپ كېلەلمەيدۇ. پەقەت ئاتۇش يېزىسى سۇغا تويۇنغاندىلا، ئاندىن بىر بۆلۈك سۇ كېلىدۇ.

(5) بۇلاق سۇلىرى — ناھىيىمىز دائىرىسىدىكى بۇلاق سۇلىرى ئاساسلىقى مۇش، سەمەن، پاختەكلە، ئوغۇساق، سايباغ، ئوپال، بۇلاقسۇ، تاشمىلىق قاتارلىق يېزىلارغا تارقالغان، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى 6.5 مېتىر كۇب سېكونت، يىللىق توپلانما سۇ مىقدارى 200 مىليون كۇب مېتىر. ناھىيىمىز پايدىلىنىدىغان يىللىق قىسمى 150 مىليون كۇب مېتىر. قالغان 50 مىليون كۇب مېتىر سۇ سىرتقا ئېقىپ كېتىدۇ. بۇ خىل بۇلاق سۇلىرى تارقاق، بىر شەكلى چوڭقۇر بولغاچ ھازىرغا كەلگىچە ناھىيىمىزگە بىر تۇتاش

يۈتكەپ ئىشلىتىشكە ئىمكانىيەت يارىتىلمىدى، داۋام-
لىق ئىزدىنىۋاتىمىز.
(6) سۇ ئامبارلىرى — ناھىيىمىزدە ھازىرسۇ قا-
چىلاپ پايدىلىنىشقا بولىدىغان يەتتە ئورۇندا سۇ ئام-
بىرى بار. يىللىق ئومومىي قاچىلاش مىقدارى 70 مىل-
يون كوبا، ھازىر ئەمىلىي پايدىلىنىۋاتقىنىمىز تۆت
ئورۇن، ئەسلى لاھىيىدىكى سۇ سىغىمچانلىقى 54 مىل-
يون كوبا، ئەمەلىي يىللىق قاچىلىنىۋاتقىنى 24 مىل-
يون كۇب ئەتراپىدا، مۇنداق بولۇشىدىكى سە-
ۋەب لاي ـ لاتقا تىنىشى ئېغىر. قالغان ئۈچ ئورۇ ن-
دىكى سۇ ئامبىرى ئاساسلىقى سۇ كىرىش ئۆستىڭى يوق،
خەتىرى بار ئامبارلار. سۇغىرىش كۆلىمى 22 مىڭ مو.
(7) سۇغىرىش قۇدۇقلىرى — ناھىيىمىز دائىرى-
سىدە ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ ئەتىياز ۋە كۈزدىكى قۇر-
غاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن قېزىلغان قۇدۇق 184
كۆز،(93 ـ يىلدىكى سان) ھازىر ئىشلىتىۋاتقىنى 75 كۆز،
ئومومىي قۇدۇقتىن سۇغىرىشقا ئىشلىتىدىغىنى 122
كۆز، (بۇنىڭدىن يېزىلارنىڭ سۇغىرىش ئىشلىرىغا 119
كۆز، شەھەر سۇغىرىش ئىشلىرىغا ئۈچ كۆز) ئىچىملىك
سۇ ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغىنى 46 كۆز، بۇنىڭدىن يېزا
ئىچىملىكى 39 كۆز، شەھەر ئىچىملىكى 7 كۆز.
سانائەتكە ئىشلىتىدىغان قۇدۇق 18 كۆز، بۇنىڭدىن
يېزا سانائەتكە ئىشلىتىدىغىنى ئون كۆز، ناھىيىگە قا-
راشلىق سانائەتكە ئىشلىتىدىغىنى سەككىز كۆز، ئۇنىڭ-
دىن باشقا، سۇ تارتىش ناسوسلىرى ئۈچ ئورۇندا بولۇپ،
بۇلاردىن مۇۋاپىق پايدىلانغاندا 15 مىليون كۇب سۇ
تارتىپ، قىيىنچىلىقنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ. ئەمەلى-
يەتتە ھازىر 4 مىليون كۇب سۇ تارتىپ چىقىرىۋاتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇنىڭ سەۋەبى، توك راۋان ئەمەس، قۇدۇق سۇيىنىڭ تەننەرق سەرپىياتى قىممەت، شۇڭا، دېھقانلار قىزىقمايدۇ.

## هازىرقى سۇدىن پايدىلىنىش ئەھۋالى

ناھىيىمىزنىڭ هازىرقى سۇدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى 46.9% بولۇپ، ناھىيىمىزگە ھەر يىلى ئوتتۇرىچە باشلانغان 915 مىليون كۇب مېتىر سۇدىن 46.9 پىرسەنتىلا ئېتىزغا باشلىنىپ قالغان 53.1 پىرسەنتى پارغا ئايلىنىش، سىڭىپ كېتىش قاتارلىق ھەرخىل يوللار بىلەن ئىسراپ بولۇپ تۈگەيدۇ. يەنى ناھىيىمىزگە باشلانغان ئومۇمى سۇنىڭ 929 مىليون كۇباسىدىن پايدىلىنىپ 486 مىليون كۇباسى ئىسراپ بولۇپ كېتىدۇ.

ناھىيىمىزدىكى 651 مىڭ 329 مو تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ بىر موسىنىڭ يىللىق سۇغىرىش نورمىسى 1382 كۇب مېتىر. بىر مىليون 266 مىڭ 282 مو تېرىلغۇ كۆلىمى بويىچە ھېسابلىغاندا، بىر موبەرنىڭ يىللىق سۇغىرىش نورمىسى 710 كۇب مېتىردىن توغرا كېلىدۇ. بۇ ئۆلچەم دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ كۆرسەتكۈچىدىن 25—30 پىرسەنتكىچە ئارتۇق، ناھىيىمىزنىڭ سۇدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى بىر پىرسەنت ئاشۇرۇلسا، بۇنىڭ بىلەن تېجەپ قېلىنىدىغان سۇ 91 مىڭ 500 كۇبا بولۇپ 6500 مو كۆلەمنى بىر يىللىق سۇ بىلەن تەمىنلىگىلى بولىدۇ.

## سۇ، تۇپراق تەڭپۇڭلۇقى

سۇ، تۇپراق تەڭپۇڭلۇقى دېگەنلىك — سۇغىرىلىدىغان كۆلەمگە ئېھتىياجلىق بولغان سۇ بىلەن تەمىنلەي-

دىغان سۇنىڭ باراۋەر بولۇشى دېگەنلىك بولۇپ، نا-
ھىيىمىزنىڭ يىللىق ئومۇمىي سۇ مىقدارىدىن ئېلىپ
ئېيتقاندا، يىللىق ئومۇمىي كەلگەن سۇ ئېھتىياجلىق سۇ-
دىن 7% ئارتۇق، (ھازىرقى سۇغىرىش سەۋىيىسى بو-
يىچە ھېسابلىغاندا) لېكىن ناھىيىمىزدە ئەتىيازدا قۇر-
غاقچىلىق، يازدا كەلكۈن، كۈزدە سۇ قىسلىق يۈز بې-
رىدۇ. بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب، دەرياسۈيىنىڭ پە-
سىللىك تارقىلىشىنىڭ تەكشى بولماسلىقى، يەنى سۇ
ئېھتىياجلىق بولغان ئەتىياز ۋە كۈزدە دەريا سۇلىرى
ئىنتايىن ئازلاپ كېتىدۇ، يازداكەلكۈن كېلىپ سۇ ئېھ-
تىياجىدىن ئېشىپ قالىدۇ. مەسىلەن: ناھىيىمىز بو-
يىچە دەريا سۇلىرىنىڭ پەسىللىك تارقىلىشى مۇنداق:
ئەتىيازدا يىللىق سۇنىڭ كېلىشى 26.8%، يازدا
يىللىق ئومۇمىي سۇنىڭ كېلىشى 55.4%، كۈزدە يىل-
لىق ئومۇمىي سۇنىڭ كېلىشى 17.8%، ئەتىيازداكەم-
لەيدىغان سۇ مىقدارى 24% ـ ، يازدا ئېھتىياجىدىن
ئاشىدىغان سۇ مىقدارى 21% + ، كۈزدە ئېھتىياجىدىن
كەملەيدىغان سۇ مىقدارى 24%.

1958- يىلدىن باشلاپ، تەدرىجىي ئەتىيازدىكى قۇر-
غاقچىلىق ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىنىپ، بۇ
زىددىيەت 6- ئاينىڭ 20- كۈنىدىن 7- ئاينىڭ 10-
كۈنىگىچە مەركەزلەشتى. بۇنىڭ سەۋەبى، بىرىنچى،
ئەتىيازدىكى قۇرغاقچىلىقنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قىش
ۋە ئەتىيازدىكى بىكار سۇدىن پايدىلىنىپ، كېلەر يىل-
لىق كېۋەز تېرىلىدىغان كۆلەمنىڭ 50—60 پىرسەنتىگە توڭ
ياتقۇزۇش ئومۇملاشتۇرۇلدى. ئىككىنچى، كېۋەزنى يو-
پۇق يېپىپ تېرىش ئومۇملاشتۇرۇلغانىدىن كېيىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كېۋەزنىڭ بىرىنچى سۇيىنى بېرىش ۋاقتى يىللاردىكى-
دىن 15 — 20 كۈنگىچە ئارقىغا سۈرۈلدى ۋە بىر سۇ-
دىن ئىككى پايدىلىنىشنىڭ ئۈنۈمى زور بولدى.

6 —، 7 — ئايلاردىكى قورغاقچىلىقنىڭ يۈز بېرى-
شىدىكى سەۋەبلەر: بىرىنچى، تېرىش ۋاقتى، سۇ بېرىش
ۋاقتى جىددىي ۋاقىت خاراكتېرىنى ئالغان. سورتلۇق
قوناق كۆلىمى كۆپ بولغاچ كېۋەزنىڭ بىرىنچى سۇ-
يى بىلەن قوشۇمچە زىرائەتنىڭ بىرىنچى سۇيى ئارى-
لىقىدا جىددىي سۇ تالىشىش يۈز بەردۇ. ئىككىنچى،
كېۋەز ھايسىلىرىنىڭ ئۆسۈپ كېتىشىنى تىزگىنلەش ئۈ-
چۈن بىرىنچى سۇيىنى ئارقىغا تارتىپ ئالدىرىغاندا 7-
ئاينىڭ 1-كۈنىدىن كېيىن سۇغىرىش تەكىتلىنىپ (بۇ
چاغ دەل قوشۇمچە زىرائەتكە سۇ بېرىش ۋاقتى)، ھەت-
تا 7 — ئاينىڭ 20— كۈنىگىچە سۇ بېرىلمىدى. بۇ مەزگىل
تېمپېراتۇرا ئۈستۈن، باشقا زىرائەتلەرمۇ جىددىي سۇ
تەلەپ قىلىدىغان مەزگىل بولغاچ ئېغىر ھالدا سۇ جىد-
دىيچىلىكى يۈز بەردۇ.

## خۇلاسە

ناھىيىمىزنىڭ يەر شارائىتى
بىر قەدەر ياخشى، تېرىلغۇ يېرى كۆپ، (بى-
زىش ەھەرگە يېقىن يېزىلىرىمىزدا يەنىلا تېرىلغۇ يەر
بىر قەدەر قىس بولسىمۇ) بوز يەر ئېچىش ئىمكانى-
يىتىمۇ بار.

دەريا، بولاق ۋە قۇدۇق سۇلىرىنى مۇۋاپىق ئىش-
لەتسەك سىڭىپ كېتىش ۋە پارغا ئايلىنىشنى ئىمكا-
نىيەت يار بەرگەن دائىرىدە چەكلىسەك، سۇ ئىشلى-
تىشنى ئىلمىيلاشتۇرساق، سۇ باشقۇرۇشنى كۈچەيتسەك، سۇ
مەنبەسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىپ كەتكىلى بو-
لىدۇ. قىسقىسى، ناھىيىمىز يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىستىق-
بالى پارلاق.

# ئاۋات ئۆستىڭى توغرىسىدا

**مەمتىمىن مامۇت**

ناھىيىمىز خەلقى ئاساسەن ئۇيغۇرلار بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 99 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. ناھىيىمىز ئاھالىسىنىڭ 90 پىرسەنتىن ئوشۇقراقى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. شۇڭا، دېھقانچىلىق ناھىيىمىز خەلقىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق كەسپى، دېھقانچىلىق ناھىيىمىز ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي تۈۋرۈكى، سۇنئىي سۇغىرىشقا تايىنىدىغان ناھىيىمىز دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنىڭ تارىخى تولىمۇ ئۇزۇن، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىنام ئېچىپ، ئېرىق- ئۆستەڭلەرنى بەرپا قىلىپ، ئاشلىق، مايلىقدان، كېۋەز، مېۋە - چېۋە، قوغۇن - تاۋۇز، ئوتياش، كۆكتات، ئوت - چۆپ، ئىشلەپچىقىرىپ، تىرىكچىلىك قىلغانلىقى تارىختا جاھانغا، جۈملىدىن ھەممىمىزگە سىر ئەمەس.

ناھىيىمىز تەۋەسىدە تارىخى بىر قەدەر قەدىمكى بولغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ قان- تەرى سىڭگەن جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق ئاپىرىدە قىلىنغان سۇ قۇرۇلۇشلىرىدىن ئاۋات ئۆستىڭى، قالماق ئۆستىڭى، مۇسۇما ئۆستىڭى، شەھەر ئۆستىڭى قاتارلىق سۇنئىي سۇ ئىنشائاتلىرى ھازىرغىچە ناھىيىمىز دېھقانچىلىقىنىڭ جان تومۇرى بولۇپ خىزمەت قىلىپ كەلمەكتە.

ناھىيىمىز بويىچە ئەڭ چوڭ، ئەڭ كونا ۋە سۇغىرىش

كۆلىمى ئەڭ كەڭ بولغان ئاۋات ئۆستىڭى ناھايىتى قەدىم زامانلاردىن باشلاپ، ناھايىتى تېررىتورىيىسىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى تۈمەن دەرياسى ئېقىنىنىڭ شىمالىدىن تاكى قارا تاغ، ئاق تاغ، بوز تاغ، قومال تاغقىچە تەدرىجىي ئېگىزلەپ بارىدىغان، غەربتىن شەرققە، شىمالدىن جەنۇبقا پەسلەپ بارىدىغان، بۇ تاغلارنىڭ يان باغرىدىكى تۈزلەڭلىكنى سۇغىرىش ئۈچۈن، خىزمەت قىلىدىغان سۇ ئىنشائاتىنىڭ غولى بولۇپ كەلگەن.

قەدىمكى ئاۋات ئۆستىڭى توغرىسىدا يازما تارىخىي ماتېرىيال يوق، لېكىن، خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئەڭ دەسلەپ مۇش، ئاندىن سۇللۇغ (لەنگەر يېزىسىنىڭ بىر قىسمى)، كېيىنرەك مورتوم (خاڭدى يېزىسى) نىڭ سۇ ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن مۇش يېزىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي بۇرجىكىدىن باشلانغان، ئاق تاغ ۋە بوز تاغنىڭ باغرىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان بىر ئۆستەڭ قېزىلىپ، قىزىل دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن بۇ يۇرتلار كۆكەرتىلگەن. (مىلادى 6 ـ ئەسىردىن بۇرۇن.)

بۇ ئۆستەڭنىڭ ئەينى ۋاقىتتا نېمە دەپ ئاتالغانلىقى ھەققىدە تارىخىي مەلۇمات تېپىلغىنى يوق. كېيىن بۇ ئۆستەڭ ھازىرقى قوغان يېزىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى كەنتلەرنىمۇ سۇ بىلەن تەمىنلىگەن. ئۇ ۋاقىتلاردا ھازىرقى بەشكېرەم، ئاۋات، قوغان، نەزەر باغ، دۆلەتباغ يېزىلىرى چاقماق دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىلغان. قەشقەر شەھىرى چاسا رايونىدىكى

قۇرۇق كۆل توغرىسىدىكى بىر رىۋايەتتە، ئۇ زامانلاردا تۇمەن دەريا ئېقىنى بىر نەچچە مېتىرلا بولۇپ، تۇمەن دەرياسى ئۇستىدىن ئۆتكۈزۈلگەن نودىن ئۆتكەن چاقماق دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن تولدۇرۇلىدىغانلىقى، كېيىن قىزىل دەرياسىدىن كەلگەن كەلكۈندە تۇمەن دەرياسىنىڭ ئېقىنى كېڭىيىپ كېتىپ، نودىن سۇ ئۆتكۈزۈشكە مۇمكىن بولماي، كۆل قۇرۇپ كېتىپ «قۇرۇق كۆل» دەپ ئاتالغانلىقى سۆزلەنگەن.

7-، 8- ئەسىرلەرگە كەلگەندە ئەرەب سەركەردىسى قوتەيبەنىڭ ھۇجۇمىدىن ئۆزىنى قاچۇرغان ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىككى دەريا ئارىلىقى قاتارلىق جايلاردا ياشىغۇچى چىگىل قاتارلىق ئۇيغۇر قەبىلىلىرى يەتتە سۇ ۋە ئىسسىق كۆل رايونلىرىدىكى ئۇيغۇر قارلۇق خاندانلىقىنىڭ قەشقەر رايونىغا سۈرۈلۈشىدىكى چوڭ كۆچۈشتە (840 - يىلى) بايقال - ئورخون ۋادىسىدىن غەربىي جەنۇب تامان سۈرۈلگەن توققۇز ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ مارالبېشى، ئاتۇش رايونلىرىغا كېلىپ ماكانلىشىشى، ياغما، ساك ... قاتارلىق يەرلىك ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ نوپۇس تەرەققىياتىنىڭ تېزلىشىشى قاتارلىق ئوبيېكتىپ تارىخىي سەۋەبلەر ئارقىلىق قەشقەر رايونىدا زېمىن ۋە سۇغا بولغان ئېھتىياج كۆپەيگەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە 9- ئەسىردە چاقماق دەرياسىغا ئارقا - ئارقىدىن بىر نەچچە قېتىم كەلكۈن كەلگەن، ھەتتا ئاخىرقى بىر قېتىملىق كەلكۈن قاراخانىيلارنىڭ پايتەختى بولغان (ھەربىي قەلئە ئىدى دېگەنچىلەرمۇ بار) خانوي قەدىمكى شەھىرىنى ۋەيران قىلىۋەتكەن. شۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلەن قاراخانىيلار ھاكىمىيىتى ئۈستۈن ئاتۇشنىڭ ئا-
يىغىدا مەخسۇس تۇغان سېلىپ چاقماق دەريا سۇيىنىڭ
50 پىرسەنتىنى ئاستىن ئاتۇش زېمىنىغا باشلىغان
ۋە شۇ ئارقىلىق كەلكۈننىڭ كەلتۈرىدىغان زىيىنىدىن
مۇداپىئەلەنگەن. قالغان 50 پىرسەنت سۇدىن بەشكېرەم،
قوغان، ئاۋات، دۆلەتباغ، نەزەر باغ قاتارلىق بەش
يېزىنىڭ 32 كەنتى پايدىلانغان.

چاقماق دەرياسىدىكى «ئالتۇن تۇغ» توغرىسىدا
مۇنداق بىر رىۋايەت بار: ئىلگىرىكى زامانلاردا چاقماق
دەرياسىنىڭ سۇيىدىن 32 كەنت پايدىلىنىدىكەن. كې-
يىنكى چاغلاردا كېلىدىغان سۇ ئازلاپ كېتىپ، سۇ تا-
لىشىش ماجرالىرى كۆپىيىپ كېتىپتۇ. بۇ دەۋانى
ھەل قىلىش ئۈچۈن «خان غوجام» 32 كەنتتىن ئىككى
سەردىن 64 سەر ئالتۇن يىغىپ، بۇ پۇلنى سەرپ قىلىپ
32 كەنتكە سۇ تەقسىم قىلىدىغان چوڭ تۇغان ياساتقانى-
كەن، شۇنىڭ بىلەن بۇ تۇغانىنىڭ نامى «ئالتۇن تۇغ» بولۇپ
قالغانىكەن. كېيىنكى چاغلاردا ئاتۇش ئاھالىسىنىڭ
كۆپىيىشى بىلەن سۇ ئىستېمالى ئاشقانلىقى ئۈچۈن چاقماق
دەرياسىدىن قەشقەر رايونىغا كېلىدىغان سۇ تېخىمۇ ئاز-
لاپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىلگىرى چاقماق دەرياسى-
نىڭ سۇيى بىلەن قامدىلىدىغان ئاھالە ۋە دېھقانچىلىق
رايونلىرى تىنچ شارائىتتا كۆپەيگەن، كېڭەيگەن. نە-
تىجىدە، قاراخانىيلارنىڭ كېيىنكى ھاكىمىيىتى خەلقنى سە-
پەرۋەر قىلىش ئارقىلىق ئاۋات ئۆستىڭىنى قايتا
ئىسلاھ قىلىپ چاپتۇرۇپ، چاقماق دەرياسىنىڭ سۇيىگە
بولغان ئېھتىياجىنىڭ بېسىمىنى يەڭگىللىتىپ، يېڭى

چېپىلغان ئۆستەڭنىڭ سۈيى بىلەن بەشكېرەم، قوغان، نەزەر باغ، دۆلەتباغ قاتارلىق يېزىلارنىڭ،جۈملە - دىن ئىلگىرى قالۇق «قارلۇق» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ يۇرتنىڭ (هازىرقى ئاۋات) نىڭ سۇغا بولغان ئېھتىيا- جى قامدالغان. شۇنداقلا بىنام ئېچىپ يۇرتنى كېڭەي- تىش ۋە ئاۋات قىلىشنىڭ شارائىتى يارىتىلغان.

ئاپپاق خوجا دەۋرىدە (17 - 18 - ئەسىرلەردە) ئاۋات ئۆستىڭىنىڭ ئۆزگەرتىپ چېپىلغانلىقى ھەققىدە بەزى رىۋايەت خاراكتېرلىك ئۇچۇرلارمۇ بار.

ئاۋات ئۆستىڭىنىڭ نامى توغرىسىدا مۇنداق ئىككى خىل قاراش مەۋجۇت. بىرى، ئۆستەڭ ئۆزى سۇغىرىدىغان يېزا،كەنتلەرگە ئاۋاتچىلىق ئېلىپ كەلگەندى. بۇ سۇ بىلەن ئادەمسىز بىنام، سايلاردا ئاۋات يۇرت - مەھەللىلەر پەيدا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاۋات قىلغۇچى ئۆستەڭ مەنىسىدە ئاۋات ئۆستىڭى دېگەن نام بىلەن ئاتالغان دېگەن قاراش.

يەنە بىرى، بۇ ئۆستەڭنىڭ سۈيى ئاۋات يېزىسىغا بارىدىغانلىقى ئۈچۈن ئاۋات يېزىسىنىڭ سۈيىنى ھەل قىلىشقا چېپىلغان ئۆستەڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئا - ۋاتقا سۇ بارىدىغان ئۆستەڭ دېگەن مەنىدە — ئاۋات ئۆستىڭى دەپ ئاتالغان دېگەن قاراش، بىزنىڭچە ئىك- كىلى قاراشنىڭ قايسى بىرىنى رەت قىلىشقا ئاساس يوق. ئېھتىمال ئۆستەڭنىڭ نامىدىن يۇرت- نىڭ نامى، يۇرتنىڭ نامىدىن ئۆستەڭنىڭ نامى كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. ئىككىنچى قاراشنى بىرلەش- تۈرگەندە تولۇق تەبىر چىقىدۇ دەپ قارايمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاۋات ئۆستەڭىنىڭ ئاياغ قىسمى ئازادلىقتىن كېيىن ئىككى قېتىم ئۆزگەرتىپ چېپىلغان. 1958 - يىلى قەشقەر 3 - ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇش مۇناسىۋىتى بىلەن باش قىسمى ئۆزگەرتىلگەن. ئاۋات ئۆستىڭىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى قاپقا سۇ ئايرىش ئېغىزىدىن خانئۆي قەدىمكى شەھەرگىچە 60 كىلومېتىر، شامپاششاغىچە 45 كىلومېتىر. باش تەرىپىدە ئون كىلومېتىر قىسمى سېمونتلاشتۇرۇلغان، قالغان قىسمىغا تاش ياتقۇزۇلغان. ئاۋات ئۆستەڭىنىڭ باش قىسمىنىڭ ئۈستى كەڭلىكى سەككىز مېتىر، ئېقىش سۈرئىتى بەش مېتىر سېكونت، ئېقىن مىقدارى 40 كۇب مېتىر سېكونت، ھازىر بۇ ئۆستەڭ سۈيىدىن ناھىيىمىزنىڭ مۇش، لەنگەر، خاڭدى، قوغان، بەشكېرەم، ئاۋات يېزىلىرى، شۇنىڭدەك ئاۋات ئۆستىڭىدىن سۇ ئالىدىغان تەتۈر ئۆستەڭ، شەھەر ئۆستەڭ سۈيى ئارقىلىق لەنگەر، سەمەن يېزىلىرىدا قەشقەر شەھەر تەۋەسىدىن نەزەر باغ، دۆلەتباغ، شامالباغ يېزىلىرى، قەشقەر شەھىرى تەمىنلىنىدۇ. ئاۋات ئۆستىڭىنىڭ ئومۇمىي سۇغىرىش كۆلىمى 580 مىڭ مو، ناھىيىمىزنىڭ سۇغىرىش كۆلىمى 431 مىڭ مو.

ئاۋات ئۆستىڭىدە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 2-، 3- سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرى ۋە ناھىيىمىزنىڭ كىچىك 1-، 4- سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرى قۇرۇلغان.

ئاۋات ئۆستىڭىنىڭ ناھىيىمىز يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن بولغان ئەھمىيىتى بارغانسېرى زورىيىپ بارماقتا.

# كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ تارىختىن بۇيانقى چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

زەيتۇنەم

## كونىشەھەر ناھىيىسى چارۋىچىلىقىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

كۆنىشەھەر ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى قەشقەر قەدىمكى بوستانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان، ئۇزۇن تارىختا ئىگە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

كۆنىشەھەر ناھىيىسىنىڭ چارۋىچىلىق تارىخى ئۇزۇن. چىڭ سۇلالىسى ۋە خەن سۇلالىسى دەۋرلىرىدە دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىق تەڭ راۋاجلانغان. دېھقانچىلىق ئاساس قىلىنىپ، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن ئىگىلىك يولغا قويۇلغان. بۇ دەۋرلەردىكى چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ستاتىستىكا قىلىنمىغان، چارۋىچىلىقتا ئات، كالا، تۆگە، قېچىر، ئېشەك، قوي، ئۆچكە قاتارلىق چارۋىلار بېقىلغان. مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) 12 - ئايدىكى تەكشۈرۈشتە ناھىيە بويىچە (بۈگۈنكى قەشقەر شەھىرى، ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ ئاز ساندىكى يېزىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بار بولغان ئومۇمىي چارۋا 146 مىڭ 486 تۇياق بولۇپ، چوڭ چارۋا 68 مىڭ 458 تۇياق، ئۇششاق چارۋا 78 مىڭ 28 تۇياق بولغان.

1949-يىلى ئۆلكە ئازاد بولغاندا ناھىيە بويىچە

ئومۇمىي چارۋا 188 مىڭ 137 تۇياق بولۇپ، چوڭ چارۋا 79 مىڭ 137 تۇياق، ئۇششاق چارۋا 109 مىڭ تۇياق بولغان. سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە چارۋىچىلىق سېپىدىكى كەڭ پەن - تېخنىكا خادىملىرى ھەمدە بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق 1985 - يىلىغا كەلگەندە ئومۇمىي چارۋا 395 مىڭ 800 تۇياققا يەتتى. 1949 - يىلىغا سېلىشتۇرغاندا 207 مىڭ 663 تۇياق چارۋا ئاشتى. 1991 - يىلىدىكى ئومۇمىي چارۋا 575 مىڭ 278 تۇياق بولۇپ، چوڭ چارۋا 118 مىڭ 955 تۇياق، ئۇششاق چارۋا 456 مىڭ 311 تۇياق. 1949 - يىلىغا سېلىشتۇرغاندا 390 مىڭ 278 تۇياق چارۋا ئېشىپ، كىشى بېشىغا 1.9 تۇياقتىن چارۋا توغرا كەلگەن. 1993 - يىلىدىكى ئومۇمىي چارۋا 637 مىڭ 538 تۇياق بولۇپ، 91 - يىلىغا سېلىشتۇرغاندا 62 مىڭ 260 تۇياق ئاشقان. كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى 1.929 تۇياققا يەتكەن.

## چارۋىچىلىق باشقۇرۇش ئورگانلىرى

مەنگو يىللىرى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە ئىسلاھات بۆلۈمى بار بولۇپ، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، سۇچىلىق ۋە سانائەت قاتناش قاتارلىق ئىشلارنى ئاساسلىق باشقۇرغان. دۆلىتىمىز ئازاد بولغاندىن كېيىن 1950 - يىلى كونا ھاكىمىيەت ئاغدۇرۇلۇپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە ئىسلاھات بۆلۈمى قۇرۇلغان. بۇ بۆلۈم ئىچىدە چارۋا مال دوختۇر خادىملىرى قويۇلۇپ، شۇلار چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى باشقۇرغان. 1958 - يىلى ئىسلاھات بۆلۈم ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ،

دېھقان – چارۋىچىلىق ئىدارىسى قۇرۇلغان. 1969 – يىلى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش گورۇپپىسى قۇرۇلۇپ، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشقا مەسئۇل بولغان.

1970 – يىلى دېھقان – چارۋىچىلىق بۆلۈم ئەمەلدىن قالدۇرغان. 1971 – يىلى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كۆمىتېت يېزا ئىگىلىك ئىدارىسى قۇرۇپ، شۇ ئىدارە ئىچىدە چارۋا كادىرلىرى قويۇلغان. ناھىيە، گۇڭشې چارۋا مال دوختۇرلۇق پونكىتلىرى ۋە پۈتۈن ناھىيىنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1980– يىلى يېزا ئىگىلىك ئىدارىسىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ رەسمىي چارۋىچىلىق ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، يۇنۇس ئىمىن ئىدارە باشلىقى، چىخوگرويى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بولغان، ئالتە نەپەر ئىشچى – خىزمەتچىسى بولغان. 1985 – يىلى ئەمەتجان ئىدارە باشلىقى، چىخوگرويى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بولۇپ، سەككىز نەپەر ئىشچى – خىزمەتچىسى بولغان، ھازىر 1993 – يىلى ئابلا ئىمىن ئىدارە باشلىقى، رىن شىڭچۈەن مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، ئىلياس ھوسۇيۇن تەتقىقاتچى بولغان، توققۇز نەپەر ئىشچى – خىزمەتچىسى بار بولغان.

**چارۋىچىلىق ئىدارىسىغا قاراشلىق ئورۇنلار**

ناھىيىلىك چارۋا مال دوختۇرلۇق پونكىتى 1955– يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ھەسەن قۇربان پونكىت باشلىقى

بولغان. پونكىت ئورنى ناھىيە بازىرى خەلق يولىنىڭ جەنۇب تەرىپىگە توغرا كېلەتتى. بەش نەپەر ئىشچى-خىزمەتچىسى بولغان. 1958-يىلى چارۋا مال دوختۇرلۇق پونكىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، دېھقان-چارۋىچىلىق ئىدارىسىنىڭ چارۋىچىلىق بۆلۈمى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. 1962-يىلى مال دوختۇرلۇق پونكىتى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. 1978-يىلى ناھىيىلىك باغۋەنچىلىك مەيدانى بىلەن ئورۇن ئالماشتۇرۇپ، ھازىرقى ئورنى يەنى شوغوز يول بويىغا چارۋا-مال دوختۇرلۇق پونكىتى سېلىپ كۆچۈپ چىققان. 1985-يىلى قۇربان توختى پونكىت باشلىقى، لى يوفا مۇئاۋىن پونكىت باشلىقى بولۇپ، 20 نەپەر ئىشچى-خىزمەتچىگە ئىگە بولغان.

ناھىيىلىك ئوتلاقچىلىق پونكىتى — 1986-يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئابدۇرېھىم ئورايىم پونكىت باشلىقى بولغان ۋە توققۇز نەپەر ئىشچى-خىزمەتچىدىن تەركىب تاپقان ھەم ناھىيىلىك چارۋا مال دوختۇرلۇق پونكىتى بىلەن قوشنا ئولتۇرۇپ خىزمەت بېجىرىدۇ.

يېزىلىق مال دوختۇرلۇق پونكىتلىرى — يېزىلاردا 1959-يىلى 1960-يىللىرى قۇرۇلغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا سەككىز گۇڭشېدا قۇرۇلغان. ھەر بىر پونكىتتا 2 دىن 4 كىچە ئادىمى بولغان. 1984-يىلى گۇڭشې يېزىلىق ھۆكۈمەتكە ئۆزگەرتىلدى. شۇ يىل يىل ئاخىرىدا گۇڭشې تۈزۈلمىسىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشىغا ئەگىشىپ يېزىلىق مال دوختۇرلۇق پونكىتى 17 گە يەتتى. ھەر بىر پونكىتتا 15 نەپەردىن تۆت نەپەرگىچە ئادىمى بار. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 8.5 كىشىدىن توغرا

كېلىدۇ. بۇ يېزىلىق مال دوختۇرلۇق پونكىتلىرىنىڭ يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن ناھىيىلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسىنىڭ قوش رەھبەرلىكىدە كەچمىي خىزمەتلىرىنى ئىشلەيدۇ. شۇنداقلا، يېزا، كەنتلەرنىڭ چارۋىچىلىق، ئىشلەپچىقىرىش، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يۇقۇم تەكشۈرۈش، داۋالاش، نەسىل ئۆزگەرتىش، ئىلمىي ئۇسۇلدا چارۋا بېقىش، يېڭى پەن-تېخنىكىنى كېڭەيتىش، يايلاق قۇرۇلۇشى، ئوت-چۆپ تېرىش قوشۇش، ئاساسىي قاتلاملارغا تايانچلارنى تەربىيىلەپ بېرىش خىزمەتلىرىنى قوشۇپ ئىشلەيدۇ.

يېڭىئېرىقچارۋا مەيدانى — 1958-يىلى دۆلەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى چارۋا مەيدان بولۇپ قۇرۇلغان. 1965-يىلىغا كەلگەندە ناھىيىلىك چوڭ چارۋا مەيدان قۇرۇلغان. 1981-يىلىغا كەلگەندە يۇقىرىقى ئىككى مەيدان بىرلەشتۈرۈلۈپ، كونا شەھەر ناھىيىلىك چوڭ چارۋا مەيدان قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن.

رەھبەرلىك جەھەتتە — ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەمۇرىي جەھەتتىن، چارۋىچىلىق ئىدارىسى كەسپىي جەھەتتىن باشقۇرۇپ كەلگەن. بۇ ئىككى مەيدانغا 58-يىلىدىن 1985-يىلىغىچە دۆلەتنىڭ بەرگەن سەرمايىسى 1 مىليون 259 مىڭ 400 يۈەن بولۇپ، بۇنىڭدىن چوڭ چارۋا مەيدانغا بېرىلگىنى 881 مىڭ 400 يۈەن، يېڭىئېرىق مەيدانغا بېرىلگىنى 378 مىڭ يۈەن.

## چارۋىلارنى باشقۇرۇش شەكلى

كوپېراتسىيىلەشتۈرۈشتىن ئىلگىرى دۆلەت ئورگانلىرىدا ئاز ساندا مىنىدىغان ئات ۋە ھارۋا قاتـ

نا يدىغان ئات بولغاندىن سىرت، قالغان ھارۋىلار دېھقانـ
لارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولغان. 1958 ـ يىلى خەلق
گوڭشېسى قۇرۇلغاندىن كېيىن دېھقانلارنىڭ ئۇلاغلىـ
رى باھالىنىپ، گوڭشېغا ئۆتكۈزۈلگەن. يومبىشچىك،
زومىگەر، باي دېھقان، چارۋىدارلارنىڭ چارۋىلىرى نىـ
ھېيلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن يىغىۋېلىنىپ، بىر تۇـ
تاش ھالدا ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسلار شىرىكچىلىكىدىـ
كى مەيدان قۇرۇلۇپ باشقۇرۇلغان، 1965 ـ يىلى قىش
پەسلىدە يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋا مەيدان، چوڭ
چارۋا مەيدان بولۇپ قۇرۇلۇپ، پۈتۈن ناھىيىنىڭ چارـ
ۋىلىرى باشقۇرۇلۇش شەكلىدە كوللېكتىپ، شەخسىي، دۆلەت
بىلەن خۇسۇسلار شىرىكچىلىكىدىكى ۋە يەرلىك دۆلەت
باشقۇرىدىغان تۆت خىل شەكىل بويىچە باشقۇرۇلغان.

ناھىيىمىزنىڭ 49 ـ يىلىدىن بۇيانقى چارۋىچىـ
لىق ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىيات ئەھۋالى:

1949 ـ يىلى ئومومىي چارۋا 188 مىڭ 137 تۇـ
ياق، كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى 1.17 تۇياق.

1955 ـ يىلى ئومومىي چارۋا 264 مىڭ 130 تۇـ
ياق، كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى 1.54 تۇياق.

1960ـ يىلى ئومومىي چارۋا 199 مىڭ 500تۇياق،
كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى 1.16 تۇياق.

1969 ـ يىلى ئومومىي چارۋا 273 مىڭ100 تۇياق،
كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى 1.14 تۇياق.

1971 ـ يىلى ئومومىي چارۋا268 مىڭ100 تۇياق،
كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى 1.09 تۇياق.

1976 ـ يىلى ئومومىي چارۋا 162 مىڭ500تۇياق،
كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى 1.01 تۇياق.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

1978 - يىلى 190 مىڭ تۇياق، كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى 1.16 تۇياق.

1980 - يىلى ئومۇمىي چارۋا 242 مىڭ 600 تۇياق، كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى 1.45 تۇياق.

1985 - يىلى ئومۇمىي چارۋا 395 مىڭ 781 تۇياق، كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى 1.37 تۇياق.

1990 - يىلى ئومۇمىي چارۋا 542 مىڭ 575 تۇياق، كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى 164 تۇياق.

1993 - يىلى ئومۇمىي چارۋا 637 مىڭ 538 تۇياق، كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى 196 تۇياق.

دېمەك، ناھىيىمىز چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى جەھەتتە يېزا ئىگىلىكىدىكى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش، ئىشلەپچىقىرىش مۈلۈكچىلىكى جەھەتتىن ئۆزگىرىشلەرگە ئەگىشىپ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىمۇ ئوخشاش بولمىغان بەش دەۋرنى بېشىدىن كەچۈرگەن. مەسىلەن:

بىرىنچى، 49- يىلدىن 1955- يىلغىچە ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەتلىرىنى تەشكىللەش، ئىجارە كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشكە ئەگىشىپ دېھقانلار يەرگە، تېرىلغۇ ئۇلاغلىرى ۋە چارۋىلارغا ئىگە بولدى.

ئىككىنچى، 56 - يىلدىن 60 - يىلغىچە يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيەلەشتۈرۈش ۋە خەلق گۇڭشېسىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، تېرىلغۇ ئۇلاغلىرى ۋە چارۋىلارنى باھالاپ گۇڭشېغا يەنى كوللېكتىپقا ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

ئۈچىنچى، 1961- يىلىدىن 1965- يىلىغىچە تەرتىپكە سېلىش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت سەككىز خەتلىك فاڭجېننىڭ يېتەكچىلىكىدە خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەڭشىلىشى بىلەن چارۋىلارمۇ ئېشىپ باردى.

تۆتىنچى، 1966- يىلىدىن 1976 - يىلىغىچە مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشى بىلەن پۈتۈن ناھىيە قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قېلىپ، ئىچكى قالايمىقانچىلىقنىڭ ئەۋج ئېلىشى، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى، بولۇپمۇ قالدۇق چارۋىلارغا سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى بەلگىلىنىپ، چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتى چەكلىمىگە ئۇچرىدى.

بەشىنچى، 1977- يىلىدىن 1985 - يىلىغىچە، بولۇپمۇ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن قالايمىقانچىلىق تۈگىتىلىپ يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەتنىڭ قويۇۋېتىلىشىگە ئەگىشىپ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى تەرەققىي قىلىپ گۈللەپ ياشناش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى.

## چارۋا مال، ئۆي قۇشلىرى كېسەللىكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش

ناھىيىمىز تەۋەسىدىكى چارۋا مال، ئۆي قۇشلىرى كېسەللىكلىرىنىڭ پەيدا بولۇش تارىخىنى ئېنىقلاش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئازادلىقتىن بۇيان ناھىيىمىز تەۋەسىدە 30 خىلدىن ئارتۇق ھەر خىل كېسەللىك (يۇقۇملۇق كېسەللىك، پارازىت كېسەللىك، ھەر خىل زەھەرلىنىشتىن بولغان كېسەللىك ۋە ئادەتتىكى كېسەللىكتىن ئىبارەت) يۈز بېرىپ كەلگەنىكەن.

1958 ـ يىلىدىن بۇيان ئالدىنى ئېلىش ئاساس، داۋالاشنى قوشۇمچە قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ توغـ را رەھبەرلىكى ۋە يېتەكلىشى ئارقىلىق كەڭ پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنىڭ قېتىرقىنىپ ئىشلىشى، تۆۋەندىـ كى كەسپىي خادىملارنىڭ جاپالىق ئىشلىشى، ئاساسىي قاتلام كادىرلار ۋە ئاممىلارنىڭ قوللاپ مەدەت بېرىشى ۋە يېقىندىن ماسلىشىشى ئارقىلىق كېسەللىكنىڭ ئالـ دىنى ئېلىش مۇداپىئەسىنى ئەملەش خىزمىتىنى قاتـ لاممۇ ـ قاتلام چىڭ تۇتۇپ ئىشلەپ، ھەر خىل كېسەلـ لىكلەرنىڭ، جۈملىدىن ئادەم ۋە چارۋىلاردا ئورتاق يۈز بېرىدىغان يۇقۇملۇق ۋە پارازىتلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىلدى.

1958 ـ يىلى 150 مىڭ تۇياق (قېتىم) چارۋىغا مۇـ داپىئە ئوكۇلى سېلىندى.

1960 ـ يىلى 273 مىڭ تۇياق چارۋىغا مۇداپىئە ئوـ كۇلى سېلىندى.

1970 ـ يىلى 361 مىڭ تۇياق چارۋىغا مۇداپىئە ئوـ كۇلى سېلىندى.

1980 ـ يىلى 633 مىڭ تۇياق چارۋىغا مۇداپىئە ئوـ كۇلى سېلىندى.

1990 ـ يىلى 980 مىڭ تۇياق چارۋىغا مۇداپىئە ئوـ كۇلى سېلىندى.

1993 ـ يىلى 1 مىليون 687 مىڭ تۇياق چارۋىغا مۇداپىئە ئوكۇلى سېلىندى.

يۇقىرىقىدەك مۇداپىئە چىڭ تۇتۇلۇپ ئىشلەنـ

گەچكە، ناھىيىمىز تەۋەسىدە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ئاساسەن كۆرۈلمىدى.

مۇداپىئە خىزمىتىنى يىلمۇ يىل چىڭ تۇتۇپ ئەستايىدىل ئىشلەپ، يۇقۇملۇق، پارازىت كېسەللىكلەرنىڭ كۆرۈلمەسلىكىدە ناھىيىلىك پارتكوم،خەلق ھۆكۈمىتى چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. 1980 ـ يىلدىن باشلاپ،چارۋىلارنى داۋالاش، مۇداپىئە قىلىشنى داۋالاش بىرلەشمىسىگە كىرگۈزۈپ بېرىپ، بۇ خىزمەتلەرنىڭ ئۈگۈشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى كاپالەتلەندۈرگەنىدى.

1990 ـ يىلىغا كەلگەندە چارۋا ماللارنىڭ بىرلەشمە داۋالىنىشىنى ئامىمىنىڭ سېلىقى دەپ قاراپ ئەمەلدىن قالدۇرۇش خەۋپىگە دۇچ كەلدى. بۇ چاغدا 1991 ـ يىلى ناھىيىلىك پارتكوم،خەلق ھۆكۈمىتى 26 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت چۈشۈرۈپ چوقۇم بىرلەشمە داۋالاشنى يولغا قويۇش لازىملىقىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بەردى. 1992 ـ يىلىغا كەلگەندە بۇ ئىشلار يەنە توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى. يەنىلا ناھىيىلىك پارتكوم،خەلق ھۆكۈمەت مەسئۇللىرى قاتلاممۇ ـ قاتلام يىغىنلاردا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق مۇداپىئەنى بىرلەشمىگە كىرگۈزۈش، داۋالاش نەقپۇللۇق بولۇشتىن ئىبارەت چاقىرىق ئارقىلىق بۇ خىزمەتلەر ئۆز يولىغا چۈشۈپ، ھازىرغىچە ھەق ئېلىش ئۆلچىمى ئوخشاش بولمىغان ئاساستا مۇداپىئەنى بىرلەشمىگە كىرگۈزۈش، داۋالاش نەقپۇللۇق بولۇش ئاساستا خىزمەتلەر ياخشى ئىشلەنمەكتە. ئۇنىڭدىن باشقا سىستېمىمىزدا 1990 ـ يىلى مال دوختۇرلۇق سانا ـ

توزسىدلىك نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش ئورنىنى قۇرۇ-
لۇپ، بەش نەپەر نازارەتچى، ئىككى نەپەر سوجاڭ،
20 نەپەر مۇقىم تەكشۈرگۈچىدىن تەركىب تاپتى. بۇ-
لار ئۆز خىزمەت دائىرىسى، دوختۇرلۇق مىزانى بويىچە
يۇقىرى-تۆۋەن بىر - بىرىگە ماسلىشىپ، تىرىك چار-
ۋىلارنى يۆتكەش، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى يۇقۇمىدىن
تەكشۈرۈش، يۆتكەش، گۆش ئىستېمال قىلغۇچى كەڭ
خەلق ئاممىسىنىڭ پاكىز، ساغلام، يۇقۇمسىز گۆشلەر
بىلەن تەمىنلىنىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى.

## ناھىيىمىزنىڭ ئوتلاق قۇرۇلۇشى ۋە ئوتلاقچىلىقى توغرىسىدا

ناھىيىمىز تەۋەسىدە بار بولغان ئوت - چۆپ تۈرلىرىدىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئومۇ-مىي ئوت - چۆپ تۈرى 31 ئائىلىگە، 96 تۈرگە، بۆلۈنگەن بولۇپ، بۇنىڭدىن ئىشقارلىقى كۈچلۈك يې-رىك، قاتتىق، چارۋىلار يېيىشىنى خالىمايدىغانلىرى 11 ئائىلە بولۇپ، 35.48 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ناھىيىمىز بويىچە تەبىئىي بار بولغان تەبىئىي يايلاق 128 پارچە بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 853 مىڭ 400مو. ناھىيىمىز ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 13.7 پىرسەن-تىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا 15 پارچە قوش قەۋەت ئوتلاق بار بولۇپ، 26 مىڭ 613مو دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنە 1 مىليون 800 مو كېلىدىغان بىنام يەر بولۇپ، ئوتلاقچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق.

ھازىر بار بولغان سۈنئىي ئوتلاق 12 مىڭ 914مو،

ياخشىلانغان ئوتلاق 38 مىڭ 610 مو، قاشالاشتۇرۇلغىنى 5950 مو، يايلاقلاردا 1653 كۋادرات مېتر قورۇ، قوتان، ئۆي سېلىنىپ، چارۋىچىلار ئولتۇراقلاشتۇرۇلدى. 39 ئورۇنغا قۇدۇق قېزىپ سۇغىرىش ئەسلىھەلىرى تولۇقلاندى.

نۆۋەتتە ئوت - چۆپكە ئىش قوشۇش، ئوزۇقلۇق قىممىتىنى ئۆستۈرۈش، ئىلمىي ئۇسۇلدا چارۋا بېقىشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئوت-چۆپ يېتىشمەسلىك ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتىدە ئوت - چۆپلەرگە ئىش قوشۇش جەھەتلەردىمۇ بىر بۆلۈك خىزمەتلەر ئىشلەندى. سېلوس بېسىش، ئامىياكلاشتۇرۇش، توغراش، تالقانلاش قاتارلىق خىزمەتلەرمۇ چىڭ تۇتۇلۇپ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ياخشى ئاساس يارىتىلدى. مەسىلەن: 1959- يىلى باسقان سېلوس 74 مىڭ تونا، ئاممىياكلاشتۇرۇلغان سامان 676 تونا، توغرالغان ئوت - چۆپ 98 مىڭ تونا، 20 مىڭ تونا ئوت - چۆپ تالقانلاپ بېرىلدى، بۇ خىزمەتلەر يىلدىن - يىلغا چىڭ تۇتۇپ ئىشلىنىمەكتە.

### نەسىلچىلىك ۋە نەسىل ئۆزگەرتىش جەھەتتە

چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئاچقۇچ يەنىلا چارۋىلارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاشتا. بۇ نۇقتىنى تۇتىمىغاندا چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش توغرىسىدا سۆز ئېچىشقا مۇمكىن بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

بۇ بىر خىزمەتكە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە،

ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ قوللاپ-مەدەت بەرمەكتە.

ناھىيىمىزدە توڭلاتقان ئۈرۈق بىلەن كالا نەسلىنى ياخشىلاش خىزمىتىنى 1981 - يىلىدىن باشلاپ يولغا قويغان، شۇ يىلى بىر ئۈرۈن بىر نۇقتىدا ئىش باشلىغان. 1993 - يىلىغا كەلگەندە 31 نۇقتىغا كۆپەيتىلدى. دېمەك، يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، ئازلىقتىن كۆپىيىپ باردى. 1981 - يىلدىن 1991 - يىلغىچە ئون يىل ئىچىدە توڭلاتقان ئۈرۈق بېرىلگەن ئۇمۇمىي چارۋا كالا سانى 50 مىڭ 500 باش، بوغاز بولغىنى 35 مىڭ 549 باش، تۇغۇلغان موزاي 32 مىڭ 781 باش، ئەي بولۇپ قاتارغا قوشۇلغىنى 32 مىڭ 125 باش، 1991 - يىلى قوتاندا ساقلاپ قېلىنغىنى 10 مىڭ 198 باش، (قالغىنى ئېلىم - سېتىم بىلەن سىرتلارغا سېتىۋېتىلگەن).

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# كونشەھەر مائارىپى

### ئابدىكېرىم ئەخمەدى

## كىرىش سۆز

ئىنسان تەربىيىسىنىڭ مەھسۇلى، تەربىيىنىڭ ئۆزى ــ مائارىپ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ئىنسانىيەت بىلەن ئۇنى ــ ئىنسانلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن تەربىيىنىڭ ياكى مائارىپنىڭ تارىخى تەڭ تۇش، ئىنسانىيەت پەقەت تەربىيە ئارقىلىقلا ئۆز ئىنسانىي پەزىلەتلىرىنى بەرپا قىلغان، ساقلىغان ۋە ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد راۋاجلاندۇرغان، تاكاماللاشتۇرغان، مۇكەممەللەشتۈرگەن. نەتىجىدە، ئەڭ ئىپتىدائىي ئىنسان تەربىيە ئارقىلىق جىسمانىي، مۇكەممەل، ئەقىل ئىدرىكى كامال تاپقان، پىكىر قىلىش دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ، ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆلچىمى ئەڭ يۈكسەك، مۇھەببەت ـ نەپرىتى، خۇشاللىقى ۋە قەھرى ـ غەزىپى ئېنىق، تەسەۋۋۇرى ۋە تەپەككۇرى ــ يەرشارى، قۇياش سىستېمىسى ۋە ساما يولىدىن يۈكسىلىپ، پۈتكۈل كائىنات سىستېمىسىنى قۇچقان. كەشپىيات ۋە ئىجادىيەت كۈچى چەكسىز بولغان ھازىرقى زاماندىكى مەدەنىيەتلىك ئىنسان بارلىققا كەلگەن. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى مائارىپ سۆزى لېكسىكا نۇقتىسىدىن قارىغاندا، مەرىپەت، ئىرپان سۆزىدىن كەلگەن

ئاتالغۇ بولۇپ، مەرىپەت، ئىرپان — ئىلىم-بىلىم مەنىسىدىكى سۆز.

مائارىپ دېگىنىمىز — ئىستېمال مەنىسىدە ئىلىم-بىلىم بېرىش ئادەم تەربىيىلەش دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. تارىخنى ماتېرىيالىزملىق كۆز قاراش بويىچە تەھلىل قىلغاندا، مائارىپ بىر تۈرلۈك ئىجتىمائىي ھادىسە بولۇپ، ئادەم تەربىيىلەيدىغان ئاساسلىق پائالىيەت. كەڭرەك مەنىدە چۈشەندۈرگەندە مائارىپ ياكى تەربىيە دېگەندە ئىنساننىڭ تونۇشى، نەزەر دائىرىسى ۋە چۈشەنچىسىنى كېڭەيتىش، بىلىم ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش، مەقسەتلىك ھالدا تەربىيە ئارقىلىق ئىدىيە، ئەخلاقىي، دۇنيا قارىشى، تۇرمۇش قارىشى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىگە تەسىر كۆرسىتىش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىستىخىيىلىك ياكى تەشكىللىك پارچە - پۇرات ياكى سىستېمىلىق پائالىيەتلەر نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

مائارىپ ئىنسانلار جەمئىيىتى پەيدا بولۇش بىلەن تەڭ پەيدا بولغان. ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن تەڭ تەرەققىي قىلغان. ئىنسانىيەتنىڭ ھەممە بىلىمى ۋە مەدەنىيىتى مائارىپ ياكى تەربىيە ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن. شۇڭا، مەشھۇر يۇنان پەيلاسوپى سوقرات «مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 469 —، 399-يىللى» «مائارىپ ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ ئانىسى، ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ تامچىسى» دېگەن.

ئىنسانىيەت ئەزەلدىن زۆرۈرىيەت ۋە ئىمكانىيەت ئارىسىدا كۈرەش بىلەن يۈكسىلىپ كەلگەن. يەنى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ تەبىئىي، مەنىۋى ۋە ئىجتىما- ئىي زۆرۈرىيەتىنى قاندۇرۇش يولىدا مۇناسىپ تە- بىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئىمكانىيەت يارىتىش ئۈچۈن بولغان نەچچە ئون مىڭ يىللىق، سانسىزلىغان كۆ- رەشلەرنىڭ بوسۇغىلىرىدا قايتا تۇغۇلۇپ، ھەر بىر كۆ- رەش مەيدانىدا ئۆسۈپ، ئۇلغىيىپ، غەلىبە مەنبەلە- رىدە ياكى مەغلۇبىيەت خورلۇقىدا يىغى- يىغى ئە- قىل- پاراسەت تېپىپ ھازىرقى زامانغا يېتىپ كېلىشتى.

دېمەك، قاندۇرۇلغان ھەر بىر زۆرۈرىيەت، قان- دۇرۇلۇشى تەقەززا بولغان سانسىز زۆرۈرىيەتلەرنى تۇغقان. بەرپا بولغان ھەر بىر ئىمكانىيەت پەيدا بولۇشى تەقەززا بولغان سانسىز ئىمكانىيەتلەرنى تۇغقان، شۇنداق قىلىپ ئىنسانىيەت ئۆز زۆرۈرىيەتلە- رىنى قانداش يولىدىكى كۆرەشلەر تەرەققىي تېپىپ، بۈگۈنكى تەرەققىيات سەۋىيىسىگە يەتكەن. ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كەلگەن، مەڭگۈ داۋاملىشىدىغان، مەڭگۈ ئاخىرلاشمايدىغان بۇ كۆرەشلەر — تەربىيىنى غەلىبىنىڭ ئانىسى قىلغان. قىسقىسى، تەربىيىدە غالىبلار كۆ- رەشنىڭ غالىبلىرى بولغان، تەربىيىدە مەغلۇپ بول- غانلار كۆرەشتىمۇ مەغلۇپ بولغان. شۇڭا تەربىيە ياكى مائارىپ ئەزەلدىن مۇقەددەس ئىش بولۇپ كەلگەن.

ئىنسانىيەتنىڭ گۆدەكلىك دەۋرى — يەنى ئىپتى- دائىي جەمئىيەتتىكى تەربىيە ياكى مائارىپ - ئىش- لەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىك سە- ۋەبىدىن مۇستەقىل ئىجتىمائىي پائالىيەت سۈپىتىدە ئالاھىدە ئايرىم ئېلىپ بېرىلمىغان. پەقەت ئاتا- ئا- نىلارنىڭ ئۆز بالىلىرىغا، چوڭلار كىچىكلەرگە، بىلى-

دىغانلار بىلەن يەيدىغانلارغا ئۆگىتىدىغان، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىگە بېقىنغان ھالدا ئۇستاز-شاگىرتلىق شەكلىدە ئېلىپ بېرىلغان. شۇنداقتىمۇ يەنە ھەر ئىككىلا تەرەپكە نىسبەتەن مۇقەددەس ئىش ھېسابلانغان.

ماتېرىيال خال (ئائىلىلىق) جەمئىيەتتە ئانىلار تەربىيىسى مۇقەددەس ھېسابلانغان.

قەبىلە ۋە جەمئىيەتتە قەبىلە ئاقساقىلىنىڭ تەربىيىسى مۇقەددەس ھېسابلانغان، پىراتىرىيە (ئۇلۇس ياكى قەبىلە ئىتتىپاقى — قىسقىسى مىللەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمىگەن خەلق) دەۋرىدە پىراتىرىيە باشلىقىنىڭ تەربىيىسى مۇقەددەس ھېسابلانغان. قىسقىسى، تەربىيە ياكى زامان ئاتالغۇسى بويىچە مائارىپ ئەزەلدىن مۇقەددەس نەرسە ھېسابلانغان، ھازىرمۇ، كەلگۈسىدىمۇ، مەڭگۈ ئەڭ مۇقەددەس ئىجتىمائىي پائالىيەت بولۇپ قېلىۋېرىدۇ.

مىلادىيىدىن كۆپ ئەسىرلەر ئىلگىرىلا ئۆزىگە خاس پارلاق مەدەنىيەت ياراتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىر قىسمى بولغان ناھىيىمىز خەلقىنىڭ مائارىپ تارىخى ئىنتايىن ئۇزۇن. شۇڭا، ئۇ ئىنتايىن چوڭ تېما. مۇنداق چوڭ تېمىنى يورۇتۇپ بېرىش زور ئىلمىي كۈچ تەلەپ قىلىدىغان ئېغىر ۋە مۇرەككەپ، مۇشكۈل ۋە جاپالىق، شۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا ئىنتايىن شەرەپلىك ۋەزىپە.

ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تارىخىي ماتېرىياللىرى كومىتېتىدىكى يولداشلارنىڭ ھاۋالىسى بىلەن غەيرەتكە كېلىپ قولۇمغا قەلەم ئالدىم.

ناھىيىمىز مائارىپى توغرىسىدىكى بىلىم ۋە چۈشەنچىلىرىم چەكلىك. يازغانلىرىمدا سەۋەنلىكلەر كۆرۈلسە بۇ ساھەدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تۈزىتىپ تولۇقلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## كونىشەھەر ناھىيىسى

ھازىرقى ناھىيىمىز تېررىتورىيىسى — ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ غەربىي جەنۇبىدا، پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئېتىكىگە، ۋىلايىتىمىز تېررىتورىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، شىمالدا قومال تاغ ۋە قاراتاغ ئارقىلىق قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ ئاتۇش ناھىيىسى بىلەن، غەربتە ئۇلۇغئارت ئارقىلىق قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ ئۇلۇغچات ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبتا يېڭىشەھەر ناھىيىسى ۋە قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ ئاقتۇ ناھىيىسى بىلەن، شەرقتە قەشقەر شەھىرىنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ پەيزاۋات ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ. شەرقتىن غەربكە 113 كىلومېتىر، شىمالدىن جەنۇبقا 91 كىلومېتىر كېلىدۇ. ناھىيە زېمىنى قىزىل ۋە گەز دەرياسىنىڭ تىندۇرما تۈزلەڭلىكىگە جايلاشقان بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 4146 كۋادرات كىلومېتىر، ئەڭ پەس يەرلىرى ئاققاش، يېڭىئۆستەڭ، دېڭىز يۈزىدىن 1220 مېتىر ئېگىزلىكتە، ئەڭ ئېگىز نوقتىسى قاراتاغ چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 3844 مېتىر ئېگىز. ھازىرقى نوپۇسى 351مىڭ235 كىشى بولۇپ نوپۇسنىڭ مىللىي تەركىبىدە ئاساسلىقى ئۇيغۇرلار (99%)، ئۇنىڭدىن باشقا خەنزۇلار، قىرغىزلار، ئۆزبېكلەر ۋە خۇيزۇلار بار.

ناھىيىمىز زېمىنى — ھازىرقى قەشقەر شەھىرى تەۋەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا مىلادىنىڭ ئالدىكى يىللاردا سولۇق دۆلىتىگە تەۋە بولغان، قاراخانىيلار سۇلالىسى (840 — 1220) دەۋرىدە بۇ سۇلالىنىڭ مەركىزى ئۆلكىسى خاقانىيىگە تەۋە بولغان. دەسلەپ سولۇق، كېيىن ئوردو كەنت، كېيىنرەك قەشقەر دەپ ئاتالغان. سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قەشقەر ئايمىقىغا تەۋە بولغان، كېيىنرەك قەشقەر رايونى ئىدارە قىلغان چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇتۇق مەھكىمىسى 1828 ـ يىلى قىزىل دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا (قەشقەر شەھىرىگە توققۇز كىلومېتر كېلىدىغان جايغا) سېپىل سوقتۇرۇپ، ھەربىي شەھەر بىنا قىلدۇرغان ۋە بۇ شەھەرگە تۇتۇق مەھكىمىسى ۋە ھەربىي قوشۇن ئورۇنلاشتۇرغان، يېڭى بىنا قىلىنغان بۇ شەھەر يېڭىشەھەر دەپ ئاتالغان. بۇ شەھەرگە نىسبەتەن، قەدىمكى بولغان قەشقەر شەھىرى كونىشەھەر دەپ ئاتالغان.

1883 ـ يىلى (چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈي 9 ـ يىلى) قىزىل دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن 11 يېزىنى ئايرىپ كونىشەھەر ناھىيىسى تەسىس قىلىنغان، 1912 ـ يىلىدىن باشلاپ كونىشەھەر ناھىيىسى قەشقەر ۋىلايىتىگە تەۋە بولۇپ كەلگەن.

كونىشەھەر ناھىيىسى تەسىس قىلىنغاندا ئۇنىڭ دائىرىسىگە ئۇستۇن ئاتۇش، يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ بىر قىسمى، ھازىرقى قەشقەر شەھىرى دائىرىسى تەۋە بولۇپ، شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ ناھىيە بولغان

www.uyghurkitap.com

1944-يىلى ئاتۇش ناھىيىسى تەسىس قىلىنغاندا، ئۈستۈن ئاتۇش ئاتۇش ناھىيىسىگە ئايرىپ بېرىلگەن، 1952-يىلى 23-مايدا قەشقەر شەھىرى ناھىيە دەرىجىلىك شەھەر بولۇپ قۇرۇلغاندا، كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ شەھەر رايونى (شەھەر ئىچى ۋە شەھەر ئەتراپى) قەشقەر شەھىرى بولۇپ ئايرىلىپ چىققان. 1955-يىلى كونىشەھەر ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت ناھىيىلىك ئورگانلار توققۇزاق بازىرىغا كۆچۈپ چىققان. يۇقىرىقى تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ناھىيىمىزنىڭ مائارىپ تارىخى توغرىسىدا گەپ يۈرۈتكەندە ناھىيىمىزنىڭ تارىختىكى تەۋەسى بولغان قەشقەر شەھىرى ۋە ئۈستۈن ئاتۇش مائارىپىنى ھەم نەزەردە تۇتۇش يوللۇق ۋە زۆرۈر.

## ئانتىك (ئىپتىدائى) مائارىپ

تارىم ئويمانلىقىدىكى ئەڭ چوڭ بوستانلىق — قەشقەر بوستانلىقىنىڭ ئەڭ ئاۋات مەركىزىگە جايلاشقان كونىشەھەر ناھىيىسى — ئەزەلدىن ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ ئانا بۆشۈكلىرىدىن بىرى بولۇپ كەلگەن. ئەجدادلىرىمىز بۇ ماكاندا جاپالىق قان-تەرى، يۈكسەك ئەقىل-پاراسىتى بىلەن ئۆزىگە خاس پارلاق مىللىي مەدەنىيەت بەرپا قىلغان. تەربىيە مائارىپ ئىشلىرى مۇناسىپ راۋاجلانغانلىقى ئۈچۈن تارىختا بۇ يەردىن داڭقى چىققان ئالەمگە مەشھۇر نى-نى ئالىملار، تالانتلىق يازغۇچى-شائىرلار، ئىختىدارلىق مۇزىكانت، رەسساملار، سەنئەتكار، نەققاش، مىمارلار، قولى گۈل ھۈنەرۋەنلەر، ئاتاقلىق دۆلەت ئەربابلىرى،

ۋە غالىب قوماندانلار يېتىشىپ چىققان. ئۇلار تارىختا ئورخۇن يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى قاتارلىق يېزىقلارنى كەشپ قىلىپ، پارلاق يېزىق مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلغان. بۇ يېزىق ئارقىلىق خەت - چەك، ئالاقە ئىشلىرىنى يۈرۈتۈپلا قالماستىن، نۇرغۇنلىغان ئىلمىي، پەلسەپەۋى، تارىخىي، دىنىي، ئەدەبىي، بەدىئىي ئەسەرلەرنى، شۇنداقلا سان - ساناقسىز يازما مەدەنىي يادىكارلىقلارنى يېزىپ قالدۇرغان، قوشنا خەلقلەردىن كېيدانلار، موڭغۇللار، مانجۇلار، شىۋەلەر، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدا ئۆز يېزىقلىرىنى يارىتىشقان.

ئەجدادلىرىمىز ھېلىدىن كۆپ ئەسىرلەر ئىلگىرى تۇتىزىم دەۋرىدىلا ئۆزلىرىنىڭ ئاسترونومىيىلىك چۈشەنچىلىرى (ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئىلغار ۋە ئىلمىي) بويىچە موچەل كالىندارى يارىتىپ پايدىلانغان.

موچەل كالىندارى بويىچە ھەر 12 يىل بىر موچەل، ھەر ئۈچ يىل بىر يۇلتۇز ھېسابلانغان. چاشقان، بېلىق، مايمۇن يىللى تۇغۇلغانلارنىڭ يۇلتۇزى ئوت. كالا، يىلان، توخۇ يىللىرى تۇغۇلغانلارنىڭ يۇلتۇزى تۇپراق. يولۋاس، ئات، ئىت يىللى تۇغۇلغانلارنىڭ يۇلتۇزى شامال. توشقان، قوي، چوشقا يىللىرى تۇغۇلغانلارنىڭ يۇلتۇزى سۇ بولىدۇ دەپ ھېسابلاشقان. (ۋاڭ يەندىنىڭ «ئۇيغۇر دۆلەتلىرى ھەققىدە خاتىرە» ۋە مەتتەر ئىبنى تاھىر ئەلموقەننانىڭ «كىتابۇل بالىغۋەتارىخ» دېگەن كىتابلىرىغا قارالسۇن).

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇ يەرنىڭ چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، باغۋەن-
چىلىك، يىپەك ۋە پاختا توقۇمىچىلىق، شۇنداقلا كا-
شىگەرلىك، كولالچىلىق ئىشلىرىمۇ شەرق ۋە غەربكە
داڭق چىقارغان.

قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدە تەۋە بولغان
ساكلار، قارلۇقلار، ياغمىلار، چىگىلەر ۋە تۈركلەش-
كەن سوغدىلاردىن بىرلىككە كەلگەن ئەجدادلىرىمىز ئۆز-
لىرىنىڭ نەچچە ئەسىرلىك تارىخىي مۇساپىسىدا مى-
لاددىن ئىلگىرىكى 3 — 1 - ئەسىرلەرگىچە تۇتېمىزم
ۋە شامان (ئۆز دەۋرىدە توبىن قامان دېيىلگەن) دىنى-
لىرىغا ئېتائەت قىلىشقان. بۇ ئېپتىدائىي دىنلار
دۇنيادىكى ھەممە ئېپتىدائىي خەلقلەرگە ئورتاق ئې-
تىقاد بولۇپ، ماركسچە ئېنىكاس نەزەرىيىسى نۇقتىسى-
دىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەڭ ئېپتىدائىي جەمئىيەتتە
ئاڭنىڭ ماددىي بارلىق بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشىشى-
دىن پەيدا بولغان ھېسسىي تەسەۋۋۇرنىڭ مەھ-
سۇلى ئىدى.

تۇتېمىزم — بىر ئۇرۇق،قەبىلە ياكى قەبىلىلەر
ئىتتىپاقىنى تەشكىل قىلغۇچى ئۇلۇس (پراتېمىرىيە)
نىڭ ئورتاق چوقۇنىدىغان مۇقەددەس نەرسىسىگە نىس-
بەتەن ئېپتىدائىي ئېتىقاتتىن ئىبارەت.

مىلاددىن كۆپ ئەسىرلەر ئىلگىرى ئەجدادلى-
رىمىزنىڭ قۇياشنى، تاغنى، (تەڭرى ئاتا تېغى، ياكى
تەڭرى تېغى، خانتەڭرى چوققىسى) سۇنى (تەڭرى
كۆلى)، ئوتنى، تۇپراقنى، بۆرىنى مۇقەددەس بىلىپ
چوقۇنغانلىقى توغرىسىدا تارىخىي رىۋايەتلەر ۋە

تارىخىي پاكىت بولالايدىغان تارىخىي نامىلار ھازىرمۇ
تىلىمىزدا ساقلانماقتا. تۇتىمىزىم دەۋرىدىكى مائارىپ
ياكى تەربىيە ئاتا - ئانىلار، چوڭلار، پېشقەدەملەر،
ئۇرۇق ئانىسى، ئۇرۇق ئاتىسى، قەبىلە ئاق ساقىلى
تەرىپىدىن ئائىلىدە ۋە ئۇرۇق ئىچىدە تۇغۇلۇش تو-
يى، ئۆلۈم - يېتىم، توي - تۆكۈن، مۇقەددەس كۈنلەر،
ئۇرۇش تەييارلىقى، غەلىبە تەنتەنىسى، بايرام ۋە
دىنىي مۇراسىملاردا ئېلىپ بېرىلغان ئائىلە دىنىي
مۇراسىم ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەت سورۇنلىرى قو-
شۇمچە ھالدا مەكتەپ رولىنى ئوينىغان.

تۇتىمىزىم دەۋرىدىكى تەربىيە ياكى مائارىپنىڭ
مەزمۇنى ئاساسەن تەڭرىلەرنى، ئائىلىنى، ئاتىنى،
ئانىنى ئۇلۇغ بىلىش، قەبىلە ئاق ساقاللىنى، چوڭ-
لارنى، مۇنەججىم پالچىلارنى، ئاقىللارنى ئۇلۇغ بى-
لىش، ئۇلارغا ئىتائەت قىلىش، چوقۇنۇش، شەكسىز
ئىشىنىش، ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىنى بىجا ئىدىل ئورۇنلاش،
ئۆل دېسە ئۆلۈمدىن يانماسلىق، ئائىلە، ئۇرۇق،
ئاتا - ئانا ۋە قەبىلە دوستىنى دوست، دۈشمىنىنى
دۈشمەن بىلىش، دوستىدىن ھېچ نەرسىنى ئايىماسلىق،
بارىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇش، دۈشمەنگە قەتئىي
دۈشمەن بولۇش، ئىنتىقام ئېلىش، ئەر - ئايال، قې-
رى - ياش، يەنى يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە
بولغانلارنىڭ ھەممىسى ئوۋ ئوۋلاش، ئات مىنىش،
ئوقيا، نەيزە، پالتا، ئومۇت، قالقان قاتارلىق جەڭ
ئەنجاملىرىنى ياساش ۋە ئىشلىتىشنى بىلىش، زۆرۈر
بولغاندا قەتئىي بىردەك ئاتلىنىش، دۈشمەننى
يەڭمەي قويماسلىق، ئۆي ھايۋانلىرىنى بېقىش،

كۆپەيتىش قاتارلىقشۇ دەۋر تەقەززا قىلغان، بىلىشكە ئائىت بىلىم چۈشەنچىلىرىنى بىلدۈرۈشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان، ھازىرمۇ تىلىمىزدا قوللىنىۋاتقان

«ئانا رازى، خۇدا رازى»
ئاتاڭ رىزا، ئالەم رىزا.»
«باشىمىز تەن جىسەت، باشىمىز ئەل جىسەت»،
«ئەل دۈشمىنى ئەر دۈشمىنى».

«مېلىڭ مىڭغا يەتكىچە، دوستۇڭمىڭغا يەتسۇن» دېگەنىدەك ئىبەقلىيە سۆزلەر، ماقالىلەرنىڭ تۇنجى ۋارىيانتلىرى دىسلىپىدە شۇ دەۋردە پەيدا بولغان بولسا كېرەك.

دىنىي تۈس ئانچە قويۇق بولمىغان تۇتىمىزم ئېتىقادىنىڭ ئەجدادىمىز ئارىسىدا مىڭ يىللاپ ھۆكۈم سۈرگەنلىكى توغرىسىدا نۇرغۇنلىغان ئەمەلىي ۋە يازما پاكىتلار ئىلىم دۇنياسىغا خېلىدىن بېرى مەلۇم.

شامانىزم ئېتىقادىنىڭ دىنىي تۈسى تۇتىمىزمغا قارىغاندا بىر قەدەر قويۇق بولۇپ، ئۇنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقتى بىر قەدەر ئۇزۇن.

شامانىزم دەۋرىدىكى تەربىيە ئاتا - ئانىلار، پېشقەدەم چوڭلار، ئۇرۇق قەبىلىلەر، ئۇلوس، ئاقساقاللىرى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئائىلە ۋە ئومۇمىي ئىجتىمائىي تەربىيەدىن باشقا، يېڭىدىن پەيدا بولغان كىچىك (سانى بىر قەدەر ئاز) تەبىقە شامان باخشىلىرى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلىدىغان بىر

قەدەر قويۇق دىنىي تۈس ئالغان ياخشى روھ، يامان جىن ـ ئالۋاستى، ئەبلەسلار توغرىسىدىكى دىنىي تەربىيە مەزمۇنىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان.

شامانىزم دەۋرىدىكى تەربىيە دائىرىسى — توتېمىزم دەۋرىدىكى تەربىيە مەزمۇنىنى تولۇق ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا شامان ئېتىقادىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بولغان ياخشى روھلار شاپائەت قىلىدۇ. يامان جىن ـ ئالۋاستى، ئەبلەسلار ئاپەت ۋە كېسەللىك كەلتۈرىدۇ. ياخشى ياخشى روھلارنى چاقىرىپ شاپائەت ئالالايدۇ، يامان جىن ـ ئالۋاستى، ئەبلەسلارنى قاچۇرۇپ ئادەملەرنى ئاپەت ۋە كېسەللىكلەردىن خارىج قىلالايدۇ. ھەپتىنىڭ 3 ـ كۈنى چارشەنبە (چار 4) كېچىسى ئاسماندىن يامان جىن ـ ئالۋاستىلار زېمىنغا چۈشىدۇ. شۇڭا چارشەنبە كۈنى كېيىم ـ كېچەك، يوتقان ـ كۆرپە، بۆشۈك، بالا زاۋالدا (كۈن پاتقاندىن كېيىن) تالادا قالماسلىق كېرەك، بولمىسا يامان جىن ـ ئەبلەسلار ئۇنىڭغا يېپىشىۋېلىپ، كېسەللىك پەيدا قىلىدۇ. پەيشەنبە كېچىسى (ئازنا ئاخشىمى) ياخشى روھلار ئاسماندىن زېمىنغا چۈشۈپ، ئازنا كۈنى (ئازنا ـ ئارزۇلۇق كۈن) ئادەملەر ئارىسىدا تۇرۇپ شەنبە كۈنى سەھەردە ئاسمانغا چىقىپ كېتىدۇ. شۇڭا پەيشەنبە، ئازنا (جۈمە) نەزىر ـ سەدىقە بېرىپ، تەلەپ ـ دۇئادا بولۇش، شەنبە كۈنلىرى سەھەردە تۇپراق بېشىغا چىقىپ روھلارنى ئۇزىتىش، دېگەندەك مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. «چارشەنبە ئاخشىمى بۆشۈكى زاۋالدا قالغان» دېگەن تەمسىل ۋە پەيشەنبە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بازار قىلىش، جۈمە كۈنىنى دەم ئېلىش، جۈمە كۈنى
ئۆلۈشساۋاب دەپ قاراش، شەنبە كۈنى سەھەردە تۆپ-
راق يوقلاشلار شۇنىڭدىن قالغان.

شامان ئادىتى بويىچە تۇردۇشىمىزدا ھازىرغىچە
ئەينەن ساقلىنىپ قالغان بىر ئادەت پېرىخونلۇق بو-
لۇپ، پېر ئوينىتىش شامان دىنى ئادىتىدۇر. شۇڭا
شامان دىنىنى پېرىخونلۇق دىنى دەپمۇ ئاتايمىز. پېرى-
خونلار شامانىزم دەۋرىدە رەسمىي شەكىللەنگەن دىنىي
كەسىپدارلار بولۇپ، ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا مەخسۇس دىنىي
تەرغىبات بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار بولغان.

يۇقىرىدا ئىزدىكرى قىلىنغان شامانىزم، تۇتېمىزم ۋە شا-
مانىزم ئېتىقادى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ دەسلەپكى باس-
قۇچلىرىدا ماتىرىئالىزم خاراكتېرلىك ئۇرۇقچىلىق
باسقۇچىدا ۋە قەبىلىۋى جەمئىيەت باسقۇچىدا ۋە قە-
بىلىۋى جەمئىيەت باسقۇچى بىلەن پىراتېرىيە جەمئى-
يەت باسقۇچىدا ئەجدادىمىزنىڭ ئاساسلىق دىنىي ئېتى-
قادى بولغان. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 3-، 4-ئەسىرلەردىن
كېيىن بۈيۈك كارۋان يولى (يىپەك يولى) نىڭ گۈللىنى-
نىش مۇساپىسىدا دائىرىسىنىڭ شەرق ۋە غەربىگە قاراپ
تېخىمۇ ئۇزىرىشى، بولۇپمۇ پارس قەبىلىلەر بىلەن
بولغان سودا، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە ھەربىي مۇ-
ناسىۋەتلەر جەريانىدا ئەجدادلىرىمىز ئۇلاردىن زورو
ئاستېر ۋە مانى قاتارلىق دىنلارنى قوبۇل قىلدى.
بولۇپمۇ چوڭ كۆشتىن ئىلگىرىلا تەڭرى تېخىنىڭ جە-
نۇبىدا بىر قەدەر ئومۇملاشقانلىقىنى غەربىي يۇرت
مەدەنىيىتى ئالىملىرى بىردەك قەيت قىلىدۇ. («غەر-
بىي يۇرت تارىخى» يۈيتسىيەنخىڭ ياپونىيە ئالىمى،

109- بەت) بۇ ئىككى دىنىنىڭ ئورتاق چوقۇنىدىغىنى يورۇقلۇق ياكى ئوت بولغىنى ئۈچۈن ئاتەش پەرەسلىك دىنى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. زورو ئاستىر دىنى (مۇقەددەس كىتابى «زىنىت ئاۋىستا») مىلادىدىن بۇرۇنقى 6-ئەسىردە ئىرانلىق زورو ئاستىر تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان.

زورو ئاستىر دىنى ئىككى مەنبەلىك دىنىي تەلىمات بولۇپ، يورۇقلۇققا (رەھىمدىللىككە) ۋەكىللىك قىلغۇچى خورامادا ساپلىق، ئادىللىق، ھەققانىيەت، بەخت-سائادەت ئۈچۈن جاھالەتكە (قاراڭغۇلۇققا) ۋەكىللىك قىلغۇچى ئارخىلامانىۇ بىلەن ئىپلاسلىق، ئادالەتسىزلىك، ساختىلىق، ئىجتىمائىي ۋە جىسمانىي بەختسىزلىكلەرگە قارشى كۆرەش قىلىدۇ. بۇ كۆرەشتە خورامادا پەيرىشتىلەرنى باشلاپ ئارخىلامانىۇنىڭ ئالۋاستىلار قوشۇنىغا قارشى جەڭ قىلىدۇ. بۇ جەڭ قىيامەت كۈنى خورامادانىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. كىشىلىك دۇنياسى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يورۇقلۇق، رەھىمدىللىك، ئادالەت ۋە بەخت-سائادەت بىلەن توشىدۇ، ئۆلگەنلەر تىرىلىدۇ، ياخشىلار مۇكاپاتلىنىپ، يامانلار جازالىنىدۇ... قاتارلىق ئەقىدىلەرگە ئېتىقاد قىلىدۇ.

مانى دىنى — مىلادىيىنىڭ 3- ئەسىردە پېرسىيەدە (ئىراندا) سامانىلا سۇلالىسى دەۋرىدە بابىللىق مانى (240 — 275) تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان. ئۇنىڭ دىنىي تەلىماتىمۇ قەدىمكى بابىل دىنى، زورو ئاستىر دىنى، خرىستىئان ۋە بۇددىستا دىنلىرىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەمۇلوگىيىلىك (دىنىي) تەلىماتلىرىنىڭ ئورتاقلىقى ئاساس بولغان.

مانى دىنىمۇ زورو ئاستېر دىنىغا ئوخشاش ئىككى نەتىجىلىك ئىلاھىيەت بولۇپ، زورو ئاستېر دىنىدا يورۇقلۇق، رەھىمدىللىقنى ۋەكىللىك قىلغۇچى ئىلاھ خورامارا ئۆز غەلىبىسى ئارقىلىق دۇنيانى ھۇرلۇككە، بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ دەپ قارىسا، مانى دىنى كۆرەشنىڭ ئەبەدىيلىكىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ ئارزۇ، ھەۋەسلىرىنى تاشلىغاندىلا، ئاندىن ئۆزىنى ئىجتىمائىي، جىسمانىي، روھى ئازاب-ئوقۇبەت، بالايىئاپەتلەردىن ئۈزۈل - كېسىل قۇتۇلدۇرۇش يولىنى تاپالايدۇ دەپ قارايدۇ. بولۇپمۇ مانى دىنىنىڭ ناھىيىمىزنىڭ توققۇزاق رايونىداكەڭ تارقالغانلىقى، مانى دىنىنىڭ دىنىي مەركەزلىرىدىن بىرى بولغانلىقى توغرىسىدا تارىخىي چىنلىقتا ئۆيەغۇن رىۋايەتلەر بار. مەسىلەن، ھاسا تام — ھېسار تام (بەش دەرۋازىلىق شەھەر)، مەنگەن — مانى كەنت (مانىلار شەھىرى) توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر.

ھازىرمۇ تۇرمۇشىمىزدا ئوتنى، يورۇقلۇقنى ئۇلۇغ بىلىش، قاراڭغۇلۇقتىن، كۆن ۋە ئاينىڭ تۇتۇلۇشىدىن (كۆن تۇتۇلسا كۆن كۆيىدى دەپ قاراش) قورقۇش، ئوت ئۆرۈش، ئوتلاپ قېقىش، نوكچا قويۇش، («چىراغنى پۈلىسەڭ ساقىلىڭ كۆيەر» دېگەن ماقال)، چوغ چايقاپ ئىچىش، كېچىلىرى ئاققان يۇلتۇزلارنى ئەجەل خەۋىرى دەپ بىلىش، كېچىلىرى چوڭ گۈلخان يېقىپ ئەتراپىدا ساما سېلىپ مەشرەپ ئويناش، پانۇس ۋە چىراغ ئۇسسۇللىرى، يوقىرىدىكى ئاتەش پەرەسلىك

دىنىي ئەقىدىنىڭ تۇرمۇشىمىزدىكى ساقلاندى ئادەتلىرىسىدۇر.

ئەجدادلىرىمىز بۇ ئىككى دىنغا ئېتىقاد قىلغان دەۋرلەردىكى تەربىيە ياكى ماڭارىپ مەزمۇنى شۇ دەۋر ئۇيغۇرلىرىنىڭ تەرەققىياتى نۇقتىسىغا نىسبەتەن داۋاملاشتۇرۇشقا تېگىشلىك دەپ قارالغان ئەنئەنىۋى ماڭارىپ تەربىيە مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئاتەشپەرەسلىك ئەقىدىلىرىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئائىلە، ئىجتىمائىي ۋە مىللىي بايرام سورۇنلىرى(نورۇز ـ باھار بايرىمى، ھوسۇل بايرىمى، كۈز بايرىمى قاتارلىقلار) تەربىيە سورۇنى، مەكتەپ بولغاندىن باشقا دىنىي ئىبادەتخانىلارمۇ زەردەشت ۋە مانى راھىبلىرى تەرىپىدىن دىنىي ئىجتىمائىي تەربىيە سورۇنى پاك مەكتەپ بولغان.

چەت ئەل مۇزېيلىرى ۋە مەملىكەت ئىچى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇزېيلاردا ساقلىنىۋاتقان ئورخۇن يېزىقى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىر قىسىم يازما يادىكارلىقلاردا شامان، زورو ئاستىر ۋە مانى دىنىغا ئائىت دىنىي كىتاب ۋە خەت ـ چەك، ۋەسىقىلەر خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇ بىر تەرەپتىن ئەجدادىمىزنىڭ ئۆزىنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرىنى يېزىق ئارقىلىق ئۆگىنىش ۋە تارقىتىشقا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى ئىسپاتلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن يېزىق ئارقىلىق تەلىم ـ تەربىيە ئۆگىتىدىغان مەخسۇس مەكتەپ ماڭارىپىنىڭ رەسمىي شەكىللەنگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## بۇددىزم دەۋرىدىكى مائارىپ

جۇڭگو ۋە چەت ئەل تارىخچىلىرى (بولۇپمۇ بۇددىزم تارىخى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار) بۇددىزمنىڭ جۇڭگوغا تارالغان ۋاقتىنى خەن سۇلالىسى دەۋرىدە يەنى ئالدىنقى خەن پادىشاھى ئەيدى ۋە كېيىنكى خان پادىشاھى مىڭدى زامانىدا (مىلادى 1 ـ ئەسىردە) تارقالغان دەپ مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. شۇنداقلا ئەينى دەۋردە «شىيۈي» (غەربىي دىيار) دەپ ئاتالغان شىنجاڭدىن يىپەك يولى ئارقىلىق كىرگەنلىكىنى بىردەك ئېتىراپ قىلىدۇ. پەقەت دۇشۇ بىر نۇقتىدىن بۇددىزمنىڭ شىنجاڭغا كىرگەن ۋاقتىنى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2 ـ، 3 ـ ئەسىر دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. خەنزۇلار ئۇلتۇراقلاشقان رايونلارغا بۇددا دىنىنى تارقاتقۇچىلارمۇ بۇددا نوملىرىنى خەنزۇ تىلىغا دەسلەپ تەرجىمە قىلغۇچىلارمۇ ئۇيغۇرلاردۇر. نوم تەرجىمانلىرى ئىچىدە كۇسەن (كۇچا) لىق ئۇيغۇر بۇددا ئالىمى، بۇددا تەرجىمانى مەشھۇر راھىب كومارا جىۋا ۋە بەيىيەن، خويلان توغرىسىدا نۇرغۇن خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللار بار.

تارىخىي مەنبەلەرگە قارىغاندا، بۇددا دىنى — مىلادىيىدىن ئىلگىرى 4 ـ، 5 ـ ئەسىر ئارىلىقىدا ھازىرقى نىپالنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا ياشىغۇچى شاكىيا قەبىلىسىنىڭ شاھزادىسى گائو تاما سىد دىخارتا (566 ـ، 486 ـ مىلادىيىدىن بۇرۇن) تەرىپىدىن كەشپ قىلىنغان ۋە شۇ سەۋەبتىن گائوتاما سىد دىخارتا شاكىيامونى (شاكىيا قەبىلىسىنىڭ زاھىدى) دەپ ئاتالغان. بۇددا

دىنى شۇ دەۋردىكى شىمالىي ھىندىستاندىكى قۇل-
لۇق تۈزۈمىدىكى دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي
ئېھتىياجىغا ناھايىتى ئۇيغۇن كەلگەنلىكى ئۈچۈن
قەدىمكى ھىندى دىنى بىراخمان دىنىنىڭ ئورنىنى
ئېلىپ، تېز ئومۇملاشقان ۋە كەشمىر ئارقىلىق خوتەنگە،
خوتەن ئارقىلىق شىمالىي ۋە جەنۇبىي لىنىيىلەرنى
بويلاپ پۈتۈن شىنجاڭغا ۋە ئۇيغۇر بوددىستلىرى ئار-
قىلىق جۇڭگوغا تارقالغان. تارىخىي ئىزلاردىن قارى-
غاندا، شىمالىي لىنىيىدىكىلەر (يەكەن، قەشقەر، ئاقسۇ،
كۇچار، قارا شەھەر، قۇمۇل) بوددا دىنىنىڭ ھىنايانا
مەزھىپىگە، جەنۇبىي لىنىيىدىكىلەر (خوتەن، كىرىيە،
نىيە، چاھارچېن، چاھار قۇدۇق (چاھارقىرلىق — تۆت
سېپىللىق دەپمۇ چۈشىنىلىدۇ) كىرورەن، مىيرەن،
سىيدام، كەڭسۇ) ماھايانا مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىشقان.
تۇتىمىزمدىن كېيىن شامان دىنى شەرق خەلقى-
رىنىڭ ئورتاق قەدىمكى دىنى سۈپىتىدە ھون، ئۇيغۇر،
تۈرك خەلقلىرىگە ئەگىشىپ ئۆزلەشكىنىگە سېلىشتۇر-
غاندا زورو ئاستىرىزم ۋە مانى دىنلىرى بىر تۇتاش،
بىرلا ۋاقىتتا ئومۇملاشقان دىنلار ئەمەس. بەزى جاي-
لار، بەزى قەبىلىلەر، ياك پراترىيلەر (قەبىلىلەر ئىت-
تىپاقلىقى) ئالدىنراق، بەزىلىرى كېيىنرەك، بەزىلى-
رى ئومۇميۈزلۈك، بەزىلىرى قىسمەن، بەزىلىرى چوڭ-
قۇرراق، بەزىلىرى يۈزەكىرەك (بىر قىسمى)، بەزىلى-
رى بىر قەدەر ساپراق، بەزىلىرى ئەسلى دىنىي ئېتى-
قادلىرى بىلەن ئومۇملاشتۇرۇپراق قوبۇل قىلىشقان.
بۇ ھال، خۇددى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان
ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېتىقادىدا ئاتەشپەرەسلىك، بۇد-

دىنىم ئېتىقادىغا تەۋە بەزى بىر ساقىندى ئېتىقادلارنىڭ ساقلانغانلىقىغا ئوخشاش. لېكىن بۇددا دىنى مەيلى ئىلگىرى ياكى كېيىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇيغۇرلار ئارىسىغا، جۈملىدىن ناھىيىمىز تەۋەسىدە ياشىغان ئەجدادىمىز ئارىسىغا بىر قەدەر چوڭقۇر ۋە بىر قەدەر ئومۇمىيۈزلۈك تارالغان. بۇنى ناھىيىمىزنىڭ تاشمىلىق يېزىسىدىن تېپىلغان تۇچ بۇتلار، ئوپالدىن تېپىلغان بۇددا خارابىلىرى، ئوچمىراۋانىدىكى توققۇزخۇجرا، بەشكېرەمدىكى مورا بۇددا مۇنارىسى قاتارلىق ئەمەلىي پاكىتلار بۇنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ. بۇددىزم دەۋرىدە بۇددا نوم سوترالىرىنى تەرجىمە قىلىش ئىشلىرى چوڭ ساۋاتلىق ئىش سۈپىتىدە ناھايىتى كەڭ قانات يايغان، كېيىنكى مەزگىلدە تېپىلغان ئەنەتكەك (سانسكرىت - ھىندى) تىلىدىكى ۋە ئۇنىڭدىن ئۇيغۇر تىلىغا (جۈملىدىن خوتەن، قەشقەر، كىرسىيە، توخار، كىنگىت (قارا شەھەر)، قۇمۇل، تۇرپان)... قاتارلىق يەرلىك تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان نوملارنىڭ شۇنچە كۆپ تېپىلىشى بۇ ھۆكۈمنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ.

يىپەك يولى (بۈيۈك كارۋان) يولىنى كەزگەن شەرق ۋە غەرب ساياھەتچىلىرىنىڭ خاتىرىلىرىدە (جاڭ چيەن، بەنچاۋ، ماركوپولو، فاشيەن، (بۇدداچە نامى سامىستىمو ئاچارى) مىلادىنىڭ ئالدى كەينىدە تەڭرى تېغىنىڭ ئەتراپى، يەتتە سۇ، پەرغانە ۋە ئىككى دەريا ھاۋزىسى (ماۋرەننەھىر) قاتارلىق جايلاردا بۇددىزمنىڭ كەڭ تارقالغانلىقى، بۇددا ئىبادەتخانىلىرى، بۇددا راھىب ۋە تالىپلىرىنىڭ ئىنتايىن كۆپلىكى پادىشاھلاردىن يۇقىرىلارغىچە ھەممىسىنىڭ بۇددا

دىنىغا چوڭقۇر ئىشىنىپ ئىبادەت قىلىدىغانلىقى، بۇت-
خانا، دىنىڭ ئۆيلەردە ئىبادەتلەر، بۇت مۇراسىملىرى
ۋە سەيلىلەرنىڭ ناھايىتى كۆچۈملۈكى، بۇ يەرلەرنىڭ
بۇددىزمنىڭ ئىككىنچى ئانا ۋەتىنىگە ئايلانغانلىقى
يېزىلغان. قىسقىسى، ۋەز، نەسىھەت، تەرغىبات، (مەي-
لى ئاغزىدا ياكى يېزىق ئارقىلىق) بۇددا دىنىنىڭ
ئاساسلىق تارقىتىش ئۇسۇلى ۋە ۋاسىتىسى بولغان.

بۇددىزم دەۋرىدىكى مائارىپىنىڭ شەكلى ۋە مەز-
مۇنىغا كەلسەك، ئائىلە ۋە جەمئىيەت تەربىيىسىدىن ئې-
لىپ بېرىلىدىغان، ئائىلە، ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - جە-
مەتىنى ۋە ئۇنىڭ ئەنئەنىسىنى ئۇلۇغ بىلىش، تە-
بىئەت ۋە جەمئىيەت ھادىسىلىرىنى چۈشىنىش، ئىش-
لەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشنى قامداش قاتارلىق مەزمۇن-
لار بىلەن ئىبادەتخانا ۋە دىنىي مۇراسىملاردا راھىب ۋە
راھىبلەر تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلىدىغان چوڭقۇر دىنىي ئە-
قىدە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن رەھىمدىللىك، مېھىر - شەپ-
قەت، قانتۆكمەسلىك، ئازار بەرمەسلىك، بوزەك قىلماس-
لىق، ياۋاش، ئىتائەتچان بولۇش، خەير - ساخاۋەتلىك،
مۇرەسسەلىك بولۇش، ئۇرۇش - ماجرادىن ساقلىنىش،
قارشىلىق كۆرسەتمەسلىك، تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىك-
نى ئەلا بىلىش... قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولغان.
ئېھتىمال، «ئەدەب، ئىنساپ، دىيانەت، نومۇس»،
«ئاتاڭنى ئۆلتۈرگەننىڭ ئاناڭنى ئېلىپ بەر»، «ئازار-
تەڭرى بىزار»، «يا دۇر دوستۇڭ مۇرۇۋۋەت - يا دۈش-
مىنىڭ مادارا»، «ياخشىلىققا ياخشىلىق ھەر كىشىنىڭ
ئىشى، يامانلىققا ياخشىلىق ئەر كىشىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىشى»... دېگەندەك ئەقلىيە سۆز ۋە ماقال ـ تەمسىل-لەر بۇددىزم دەۋرىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ ھازىرغىچە دا-ۋاملىشىپ كەلگەن بولسا كېرەك.

## ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام مائارىپى

مىلادى 620 ـ يىلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام (570 — 632) ئىسلام دىنىنى تەشەببۇس قىلغىنىغا مىلادى ھىسابى بويىچە ھازىر توپتوغرا 1 مىڭ 300 نەچچە يىل بولدى. بۇ جەريانىدا ئىسلام دىنى سەئۇدى ئەرەبىستانىدىن تەدرىجىي كېڭىيىپ، غەربىي ئاسىيا، ئوتتۇرا ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا، شىمالىي ئافرىقا ۋە ھەر قايسى قىتئە، رايونلاردا كەڭ تارالغان، تارق-لىۋاتقان 1 مىليارددىن ئوشۇق خەلق ئېتىقاد قىلى-دىغان دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ دىنلارنىڭ بىرىدىن ئايلاندى.

622 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ (بۇ ھىجرىيە يىلىنىڭ باشلىنىش ۋاقتىدۇر) تاكى ئۇ ۋاپات بولغانغا قەدەر (632 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى) ئەرەب يېرىم ئارىلىنى ئىسلام دىنى بايرىقى ئاستىدا بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشى ئاخىرلاشتى، ئۇ-نىڭ ۋارىسلىرى خەلىپە ـ ئەبۇ بەكرى (632 — 634-يىللىرى خەلىپە بولغان). خەلىپە ئۆمەر (634 — 644-يىللىرى خەلىپە بولغان، 644 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى بىر خىرىستىئان قول تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈل-گەن).خەلىپە ئوسمان (644 — 656 ـ يىللىرى خەلىپە بولغان)،خەلىپە ھەزرىتى ئەلى(مۇھەممەد ئەلەيھىس

سالامنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى ۋە كۈيئوغلى 656 — 661 - يىللىرى خەلىپە بولغان. 661 - يىلى 1 - ئاينىڭ 24 - كۈنى خاۋارىجلار تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن)، خەلىپە ئۇۋۇماۋىيە (661 — 680 - يىللىرى خەلىپە بولغان)، خەلىپە يەزىت I (680 — 683 - يىللىرى خەلىپە بولغان)، خەلىپە مۇئاۋىيە (بىر نەچچە ئايلا خەلىپە بولغان ۋە ئىچكى بۆلۈنۈش يۈز بەرگەن)، خەلىپە ئابدۇئەل مەلىك (685 — 705 - يىللى خەلىپە بولغان)، خەلىپە ئەل ۋالىد (705 — 714 - يىللىرى خەلىپە بولغان)، خەلىپە سۇلايمان (714 — 717 - يىللىرى خەلىپە بولغان)، خەلىپە ئۆمەر I (717 — 720 - يىللىرى خەلىپە بولغان)، خەلىپە هىسام (724 — 743 - يىللىرى خەلىپە بولغان)؛ خەلىپە ئەبۇ ئاببا س (743 — 754 - يىللىرى خەلىپە بولغان). خەلىپە مەنسۇر (754 — 775 - يىللىرى خەلىپە بولغان)، خەلىپە مىمدىيە (775 — 785 - يىللىرى خەلىپە بولغان)، خەلىپە هارون رەشىد (786 — 809 - يىللىرى خەلىپە بولغان، 809 - يىلى 3 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ۋاپات بولغان). خەلىپە ئەمىن ۋە مەئمۇن (809 — 813 - يىللىرى خەلىپىلىكنى بۆلۈپ باشقۇرغان)، خەلىپە مەئمۇن (813 — 833 - يىللىرى خەلىپە بولغان) قاتارلىقلار خەلىپىلىك قىلغان 200 يىل ئىچىدە ئىسلام دىنى ھەربىي كۈچ ئارقىلىق جەنۇبىي ياۋروپا (پىرېنىي يېرىم ئارىلى) شىمالىي ئافرىقا يېقىن شەرق، ئوتتۇرا شەرق، جۇملىدىن ئىران، خوراسان، ئوتتۇرا ئاسىيا، ماۋەرائۇننەھرگىچە يېتىپ كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىسلام خەلىپىلىرى خورا سان ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا مۇناسىۋەتلىك ھەربىي دىنىي يۈرۈشلەردىكە باشچىلىق قىلغان ئەمىر ۋالىيلىرىنىڭ مەشھۇرلىرى ئەل ھېكەم (670 - يىلى ۋاپات بولغان)، رابىي ئىبنى زىياد (673 - يىلى ۋاپات بولغان)، ئۆبەيدوللا سەئىد ئوسمان (680 - يىلى بارىمتاي تورغاقلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن)، سەلىم ئىبنى زىياد مۇخەللەپكەش (701 - يىلى ئۆلگەن)، مۇخەددەر (705 - يىلى ئېلىپ تاشلىنىدۇ)، ھەججاج قىرتەيبە ئىبنى موسىلىم (714- يىلى 47 - يېشىدا ئۆز ئادەملىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن، قەبرىسى ئەنجاندا، ئىمام شەيخ قوتەيبە قەبرىسى دەپ ئاتىلىدۇ) يېزىد ئىبنى مۇخەللەپ، جاراھى، (720 - يىلى باش ۋالىيلىققا بەلگىلەنگەن)، سەئىد ئىبنى ئابدۇل ئېزىز ھەللاج ئەل كىلابى (722 - يىلى باش ۋالىيلىققا قويۇلغان)، ئاشراس ئىبنى ئابدۇللا (727-729 - يىللىرى ۋالىيي بولغان)، جۆنەيد ئىبنى ئابدىراخمان ئەل مورى (730 — 734- يىلى ۋالىي بولغان، 734 - يىلى 2 - ئايدا ئۆلگەن)، ئەل ھېلالى (734 — 735 - يىللىرى ۋالىي بولغان)، ئاساد ئىبنى ئابدۇللا (735 - 738 - يىللىرى ۋالىي بولغان)، ناسىر ئىبنى سەييار (738 — 748 - يىللىرى ۋالىي بولغان)، ئەبو موسلىم (749—754 - يىللىرى ۋالىي بولغان)، مەنسۇر ئەبو داۋۇت (754 — 757 -يىللىرى ۋالىي بولغان)، ئابدۇلجاپپار (757 — 759 )، ھۆۋەيدا ئىبنى كەھتەبە (760 - 776) ، موقەننا (776 — 780) ،موسەيىپ (780 — 787) ،جەپەر ئەل ئەشئەسى (787 - ) ، ھەمزول خوزوئى (792 - ) ، ئىبنى

يەھيا (794 ــ )، ئەل ھىمايدى (795 ــ )، جەبەر ئىب-
نى يەھيا (796 ــ 803)، ئەلى ئىبنى ئەيسا تاھىر قا-
تارلىقلاردىن ئىبارەت. خوراسان، ماۋرەننەھىر ئوت-
تۇرا ئاسىيادا ئىسلام قوشۇنلىرى تەرەپىدىن ئىسلام
دىنىي ئومۇملىشىۋاتقان يىللاردا ئالتاي، ئىمىل (تار-
غاباتاي، تالاس)، يەتتە سۇ، ئىلى، ئىسسىقكۆل قاتار-
لىق رايونلاردا ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىن بىرى بولغان
قارلوقلارنى ئاساسى گەۋدە قىلغان قارلوق خانلىقى،
ھازىرقى قەشقەر دائىرىسىدە سولوق خانلىقى مەۋجۇت
ئىدى. (880- يىلىغىچە مۇستەقىل بولۇپ، كېيىن سا-
مانىلار تەھدىتىدىن قورقوپ، قاراخانىيلارغا قوشۇلۇپ
كەتكەن).

تارىم ئويمانلىقىدا ئۇيغۇرلاردىن بولغان ساك،
چىگىل، ياغما، ئوغۇز قاتارلىقلار تىببەتلىكلەرنىڭ
ئىككى قېتىملىق ئىستىلاسىنى ئىككى قېتىم مەغلۇپ
قىلدى. چوڭ كۆچتە (840 ـ يىلى) ئورخون ۋادىسىدىن
كەلگەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىر قىسمى. جۇملىدىن
خوراسان، ماۋرەننەھىر، پەرغانە رايونلىرىدىن ئىس-
لام خەۋپىدىن قاچقان ئۇيغۇر تۈرك قەبىلىلىرى تارىم
ئويمانلىقىغا يىغىلدى ۋە چىگىل، قارلوق، ياغمىلارنى
جۈملىدىن پامىر ئۇيغۇرلىرىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان
قاراخانىلار سۇلالىسى قۇرۇلدى.

قاراخانىلارنىڭ پادىشاھى بارىخان بۇغرا قا-
راخان (ئىلگىرىكى قاراخان پادىشاھلىرى ھەققىدە
بىرلىككە كەلگەن مەلۇمات يوق) ۋاپات بولۇپ ۋە-
لى ئەھدى سۇتۇق تېكىن كىچىك بولغاچقا بارخانىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

ئىنىسى ھەسەن بۇغراخان تەختكە ئولتۇردى. شۇ دەۋر-
دە دەۋر ئادىتى بويىچە سوتۇق تىگىنىنىڭ ئانىسىنى
نىكاھىغا ئالدى. لېكىن بىر مەزگىلدىن كېيىن، ئۆزد-
ىنىڭ چوڭ خوتۇنىدىن بولغان ئوغلىنى ۋەلى ئەھدى-
لىككە تەيىنلەپ، سۇتۇق تىگىنىنىڭ ۋەلى ئەھدىلىكىنى
بىكار قىلماقچى بولدى. سۇتۇق تىگىنىنىڭ ئانىسى بۇ
خەۋەرنى سۇتۇق تىگىنگە يەتكۈزدى. سۇتۇق تىگىن ئا-
تۇشتا تۇراتتى. ئۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ كۈچ توپلاشقا
كىرىشتى. دەل مۇشۇ پەيتتە ئاتۇشتا ئوغۇلچاق قادىر-
خاندىن باش پاناھ تاپقان سامانىيلار سۇلالىسى-
(875 ـ 999) نىڭ ۋەلى ئەھدىلىكتىن مەھرۇم قىلىنغان
شاھزادىسى ئابدۇل پەتتاھ (كېيىن سۇتۇق بۇغراخان
تەرىپىدىن ئالىپ تېكىن غازى ئۇنۋانى بېرىلگەن)
نىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى.
ۋە ئوردا سىياسىي ئۆزگىرىشىنى قوزغاپ سۇلتان سۇ-
تۇق ئابدۇكېرىم بۇغراخان نامى بىلەن تەختكە چىقتى
ۋە ئىسلام دىنىنى قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت دىنى قى-
لىپ ئېلان قىلدى. بۇ ۋەقە مىلادى 932 ـ يىلى يۈز
بەردى. ئۇرغۇن خانلىق كۈرەشلەر ئارقىلىق قاراخانىي-
لار زېمىنىدا ئىسلام دىنى ئومۇملاشتى. سۇتۇق بۇغ-
راخان 955 ـ يىلى ۋاپات بولدى. ئىدىقۇت، بەش با-
لىق، يەتتە سۇ رايونلىرىدا خېلى كېيىن ئىسلام دىنى
ئومۇملاشتى.

ئىسلام دىنى قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن ئۇي-
غۇرلارنىڭ بارلىق مەدەنىيىتى جۈملىدىن راۋاجلانغان
بۇددىزم مەدەنىيىتى ھاياسىز ۋەيران قىلىنىپ، ئىس-
لام ئۇيغۇر مەدەنىيىتى شەكىللىنىشكە باشلىدى. شە-

ھەرلەردە ھەيۋەتلىك چوڭ جامە، مەسچىتلەر، مەدرىس-
لەر، قارىخانىلار، خانىقارلار، يېزا، كەنت، مەھەللى-
لەردىمۇ مەسچىت، جامە، قارىخانا ۋە مۇدەررىسلەر
بەرپا قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ئىسلام مائا-
رىپىغا ئاساس سېلىندى.

ئىپتىدائىي مائارىپ ئاساسەن، ئاتا- ئانىلار-
نىڭ بالىلىرىغا، قەبىلە، ئۇرۇق ئاقساقاللىرىنىڭ قە-
بىلە ئەزالىرىغا ئۆگىتىشىدىن ئىبارەت مەكتەپسىزما-
ئارىپ ياكى تەلىم- تەربىيە بولغان بولسا، دىنلار
پەيدا بولۇپ، دىنىي ئېتىقاد كۈچەيگەن دەۋردىكى ما-
ئارىپ يۇقىرىقىشەكىلگە ئىبادەتخانا — بۇتخانىدىن
ئىبارەت دىنىي سورۇننى تەربىيىنىڭ بىر ئورنى قىل-
غان. دىنىي مائارىپ شەكلىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن بىر
پەللە يۈكسەلدى. يېزىقنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە قول-
لىنىلىشى بولسا مائارىپ تەلىم- تەربىيىسىنىڭ مەخ-
سۇس تەلىم- تەربىيە سورۇنى بولغان مەكتەپنى تە-
قەززا قىلدى ۋە مەكتەپلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. مەك-
تەپلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى بولسا مەخسۇس ئوقۇ-
تۇش ۋە تەلىم- تەربىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنى-
دىغان ئوقۇتقۇچى، مۇدەررىس، ئۇستازلاردىن ئىبارەت
بىر تەبىقىنىڭ پەيدا بولۇشىغا زېمىن ھازىرلاپ بەر-
دى. قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى،
ئىسلام دىنىنىڭ كەڭ قوبۇل قىلىنىشىغا، ئىسلام دىنى-
نىڭ ئومۇملىشىشىقاراخانىيلار تېررىتورىيىسىنىڭ كې-
ڭىيىشىگە خىزمەت قىلغان.

ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتى— ئەرەب ئىسلام مە-
دەنىيىتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيە-

تىنىڭ جەۋھەرلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن مەدەنىيەتتۇر. شۇنداقلا، ئۇيغۇر ئىسلام مائارىپىنىمۇ ئەرەب-ئىسلام مائارىپىنىڭ مەزمۇنىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ ئېسىل جەۋھەرلىرىنى جارى قىلىش بىلەن داۋاملاشتۇرۇلغان مائارىپتۇر.

ئىسلام ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ ئۇچىنچى بولغان قەشقەر ئىسلام مائارىپى تارىختا يالغۇز شىنجاڭدىلا ئەمەس ئوتتۇرا ئاسىيا، ئوتتۇرا شەرق ئەللىرىدىمۇ ئالاھىدە ھۆرمەت ۋە شۆھرەتكە ئىگە بولدى. قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىل ئىسلامدىن بۇرۇن قوللانغان سوغدى يېزىقى ئاساسىدىكى 22 ھەرپلىك قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللانغان بولسىمۇ، كېيىنچە بېرىپ ئەرەب ۋە باشقا ئىسلام دىنىنى بۇرۇن قوبۇل قىلغان ئەللەر بىلەن بولغان دىنىي، مەدەنىي، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ تەقەززاسى بىلەن ئوتتۇز ئىككى ھەرپلىك ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللاندى. بۇ ھالمۇ مەكتەپلەر تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. شۇنىڭ بىلەن مەھەللە، كەنت، شەھەرلەردە بىنا قىلىنغان ھەممە مەسچىت، جامەلەرنىڭ يېنىدا قارىخانا ۋە مۇدەررىسلەر سېلىنغان. خەلق ئىڭىغىمۇ بىلىم ئېلىش پەرز، بالىلارنى ئوقۇتۇش پەرز، ئۆگىنىش، ئوقارتىش، بىلىم بېرىش ساۋاب دەيدىغان ئاڭ سىڭدى. 10 - ئەسىردە قەشقەر شەھىرىدە بىنا قىلىنغان ساجىيە مەدرىسى، ھامىدىيە مەدرىسى، ئوپال يېزىسىدا ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرى تەرىپىدىن

بىنا قىلىنىپ مەھمۇد قەشقەرى ئۆزى مۇدەررىسلىك قىلـ
غان مەھمۇدىيە مەدرىسى، شىنجاڭدىلا ئەمەس جاھانغا
مەشھۇر. بۇ دەۋردىكى قەشقەر مائارىپىنىڭ تەرەققىيا-
تى توغرىسىدا ۋاڭ يەندى، ماركوپولو، شەيخ سەئىدى
قاتارلىق مەشھۇر كىشىلەر ناھايىتى يۇقىرى باھا،
ياخشى تەرىپلەرنى قالدۇردى. بۇ دەۋردىكى قەشقەر
مائارىپىدىكى مەشھۇر مۇدەررىسلەردىن ئۆز دەۋرىنىڭ
مەشھۇر يېتۈك ئۆلىمالىرى: ھۇسەيىن
ئىبنى خەلەپ، سەئىد جالالىدىن، خوجا
ياقۇپ، ھۇسەيىن پەيزۇللا، جامالىدىن، رەشىت ئېلى،
ئىمامىدىن قاتارلىقلار تارىختا مەشھۇر.

بۇ دەۋر ئىسلام مائارىپىنىڭ باشلانغۇچ مائا-
رىپ تەربىيىسى سۈرۈنى ئون ياشتىن بۇرۇن ئائىلەيا-
كى مەھەللە مەسچىتى ياكى ئىمام-مەزىنلەرنىڭ ئۆيـ
لىرى ياكى ئاتا - ئانىلار ئىخلاس قىلىدىغان بىرەر
قارى ياكى موللامنىڭ ئۆيى بولغان. تەبىئىي مەز-
مۇندا ياخشى ئىش، ئېسىل پەزىلەتلەر، ساۋاب، ناچار
ئىش، ناچار پەزىلەتلەر گۇناھ، يامان ئىشلارنى قى-
لىش يامان بولىدۇ دېگەندەك ئومۇمىي تەربىيىدىن
باشقا، ناماز ۋە باشقا دىنىي ئۆرپ - ئادەتلەرگە كې-
رەكلىك ئۇششاق سۈرىلەر يەنى شەش كەلىمە (يەتتە
سۈرە) نى يادلاشتىن ئىبارەت بولغان. ئوتتۇرا مائا-
رىپ تەربىيە سۈرۈنى كەنت جامەسى (جۈمە ۋە ھېيت
نامازلىرى ئوقۇلىدىغان چوڭ مەسچىت) يېنىدا قۇرۇل-
غان قارىخانا ياكى كىچىك مەدرىسلەر بولۇپ، ئۇنىڭـ
دىكى تەربىيە مەزمۇنى: دۆشە شەكىللىك تاختىدا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەرەب يېزىقىنىڭ ھەرپلىرى، بوغۇم سۆزلەرنى ئوقۇش-يېزىشنى ئۆگىنىش ئاساسىدا ئالدى بىلەن ھەپتىيەك (قۇرئاننىڭ ئالتىدىن بىرى) ۋە شۇ ئاساستا ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى بولغان قۇرئاننى ھېجىلەپ ئوقۇش، (تەجۋىد قىلىش) سۈرە ئوقۇش ۋە يادلاشتىن ئىبارەت بولغان. قۇرئاننى يادا تۆگەتكەنلەر خەتمىدىن ئۆتۈپ قارى ئۇنۋانى ئالغان.

ئىسلام دىنىي ئالىي مائارىپىنىڭ تەربىيە سورۇنى شەھەرلەردىكى مەدرىسلەردە بولۇپ، ئۇ يەردە ئالدى بىلەن قۇرئاننى قۇسۇرسىز يادلاش، تەلەپپۇزىنى توغرىلاش، خەتمىدىن ئۆتكۈزۈش، شۇنىڭ بىلەن بىللە ناۋايى، سوپى ئاللايار، خوجا ھاپىز، ئەخمەت يەسەۋى قاتارلىق ئالىم، شائىر، ھېكمەتچىلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش بىللە، ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگىنىش يولغا قويۇلغان. (سەرىپ نەھۋى)، دىنىي ئالىملەردىن مۇقتەسەرۋاقايى، شەرھى ۋاقايى، ھىدايەتىن نەھۋى، ھىدايى، موشكاتشىرىپ، شەررىسەتۇل ئىسلام، پىقھە كىتابلىرى، ھەدىسلەر، سەھىئۇل بۇخارى (بۇخارى دەۋەتلىرى) قىساسۇل ئەنبىيا، نامەھەق، سەئى مۇسلىم، ئادابۇل مۇسلىم، پارايىز (قانۇن)، ھېسابى ئەبجەت، ئون سەككىز تەپسىر قاتارلىق كىتابلارنى ئۆگەنگەن، يۇقىرىقىلاردىن باشقا، دۇنياۋى ئىلىملەردىن ھەندەسە (گېئومېتردىيە)، ئەلجەبىر (ئالگېبرا)، ئىلى تىپ (تېبابەت)، ئىلمى نوجوم (ئاسترونومىيە)، ئىلمى كىمىيا (خىمىيە)، ئىلمى رىيازەت (ماتېماتىكا)، ئىلمى

نىباتات (بوتانىكا)، ئىلمى ئەرز (جۇغراپىيە)، تارىخ قاتارلىق پەنلەرنىمۇ ئۆگەنگەن.

ئۇيغۇر ئىسلام مائارىپى — ئىسلام دىنىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى بىلەن باشلىنىپ تاكى 19 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىكى ئۇيغۇر يېقىنقى زامان مائارىپى باشلانغانغا قەدەر مىڭ يىل تەدرىجىي كېڭىيىشى، تەدرىجىي ئومۇملىشىشى، تەدرىجىي دىنىي ئىلىملار بىلەن دۇنياۋى ئىلىملارنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشى شەكلىدە داۋاملاشقان. بۇ مائارىپمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئۆز دەۋرىگە مۇناسىپ ئالىم، شائىر، يازغۇچى، پەيلاسوپ، سىياسىئون، دۆلەت ئەربابلىرىنى يېتىشتۈرگەن. قاراخانىيلار دەۋرىدە گۈللەنگەن ئۇيغۇر ئىسلام مائارىپى كىدانلارنىڭ جۈملىدىن سەل ئۆتمەي موڭغۇل ئىستىلاسىنىڭ نەتىجىسىدە يۈز بەرگەن قىرغىنچىلىقتا ئومۇمىي ۋەيرانچىلىققا ئۇچراپ، مۇدەررىس - تالىپلار، ئالىم، زىيالىيلار نۇرغۇنلىغان روھىي، ئىقتىسادىي، جانىي تالاپەتكە تارتقان بولسىمۇ، چاغاتاي (1179 — 1242) دەۋرىگە كەلگەندە قايتا گۈللىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ، تاجاۋۇزچىلار تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنغان «مەدرىسەئى ساجىيە» خارابىسى ئۈستىگە 1260 - يىلى مەھمۇدىيە نامىلىق بىلىم يۇرتى تەسىس قىلىندى ھەمدە «ساقىيە» مەدرىسى «سائادەت» كۇتۇپخانىسى بىنا قىلىندى. ھەتتا بۇ بىلىم يۇرتىغا كەشمىر، لاھور، بالاساغۇن، خوراسان، قىپچاق دالاسى، ئىلى ۋادىسى، قۇمۇل، تۇرپان، كورلا، خوتەن رايونلىرىدىنمۇ مىڭلىغان كىشىلەر كېلىپ بىلىم شەربىتى بىلەن سۇغۇرۇلۇپ، چاغاتاي ۋە قۇبلەيخانىدىن مەمۇرىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مائارىپ ئىشلىرىدا چوڭ رول ئوينىغان. بۇ توغرىسىدا پروفېسسور مالوپ موڭغۇللار ئارىسىغا مەدەنىيەت تارقاتقان، ئۇلارغا ئۇستاز بولغان. ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىدا ئىش يۈرگۈزگەنلەر ئۇيغۇرلار ئىدى. («ئۆچمەس يۇلتۇزلار» 10-، 11 - بەتلەردىن).

سەئىدىيە خاندانلىقى دەۋرى (1514—1678) گە كەلگەندە يەنە بىر چوڭ ئالىي بىلىم يۇرتى مىرزا ھەيدەر مەدرىسى (1552-) «خاقانىيە مەدرىسى» (خانلىق مەدرىسى) بەرپا قىلىندى. نەتىجىدە، قەشقەر مائارىپىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ئۇيغۇر مائارىپى گۈللىنىپ ئوتتۇرا شەرق ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا زور شۆھرەت قازاندى.

ئاپپاق خوجا دەۋرىگە كەلگەندە پۈتكۈل ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ كۆزى بولغان قەشقەر مائارىپى ۋەيرانچىلىققا ئۇچراپ، مەدرىسلەرنىڭ ئورنىنى سوپى دەرۋىش، ئىشانلارنىڭ خانىقاسى ئىگىلىدى، ھەتتا ھىدايىتۇللا ئىشان (ئاپپاق خوجا) ۋە ئۇنىڭ سوپى ئىشان، زاھىد دەرۋىشلىرى قۇرئاندىن باشقا بارلىق ئىلمىي ئەدەبىي كىتابلارنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى، پۇرسەتتىن پايدىلانغان چىڭ سۇلالىسىنىڭ قەشقەردىكى دارىنلىرى قەشقەردىكى مەكتەپلەرنى پۈتۈنلەي چىڭ ھاكىمىيىتى ئۈچۈن جاسۇسلۇق، ئاخباراتچىلىق ۋە تىلماچلىق قىلىدىغان خائىن - يالاقچىلار تەربىيىلەيدىغان شوتاڭغا ئايلاندۇرۇۋالدى. شوتاڭغا كىرگەن مىللىي ئوقۇغۇچىلارغا مانجۇچە «دايى» كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ، بېشىغا مانجۇچە ئۇزۇن چاچ قويدۇرۇپ، مانجۇچە باش كىيىملەرنى كىيدۈردى. ھەتتا ئۇلارغا ئىسىم-

فامىلە بېكىتىپ ئۆز ئىسمىنى ئىشلىتىشنى مەنئى قىلدى. نەتىجىدە، نادانلاشتۇرۇش، بىخۇتلاشتۇرۇش، قۇللاشتۇرۇش سىياسىتى يۈرگۈزۈلۈپ، «چىراغىمىز جاھالەت ئەسىرى» مەيدانغا چىقتى.

سوپى ئىشان، دەرۋىشلەرنىڭ دىنىي مۇستەبىتلىكى قاپلىغان مىسلى كۆرۈلمىگەن جاھالەت - مەئرىپەت، ئىلىم - بىلىم ئىزدىگۈچىلەر قەلبىدىكى ئىرپان گۈلخانىنى ئۆچۈرۈپ تاشلاشقا قادىر بولالمىدى. غەرب دۇنياسىدا يۈز بەرگەن يەڭى - تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ تەرەققىياتى كىشىلەرنىڭ دىققەت-نەزەرىنى جەلپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىمكانىيەت يارىتالىغان بىر قىسىم ئىلىم ئىزدىگۈچىلەر ھىندىستان، پاكىستان، ئىراق، سەئۇدىيە، مىسىر، تۈركىيە جۈملىدىن رۇسىيە ئىشغالىيىتىدىكى تاشكەنت، بۇخارا، شەمەي، قازان، رۇسىيىنىڭ موسكۋا، پېتىربورگ ھەتتا ياۋروپانىڭ بىر قىسىم شەھەرلىرىگە بىلىم ئىزدەپ بېرىشتى.

ھەتتا بەزىلەر ئېلىمىزنىڭ بىر قىسىم چوڭ شەھەرلىرى، ياپونىيە قاتارلىق يەرلەرگىمۇ سودا ۋە ئىلىم ئۈچۈن بېرىپ كېلىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. شۇنىڭ بىلەن ئىلىم - بىلىم ۋە يەڭى - تېخنىكا ئارقىلىق مىللەتنى قۇتقۇزۇش، مىللىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىستىكى پەيدا بولدى. نەتىجىدە، «جەدىدىزم» نامى بىلەن يورۇتۇلغان يېڭى مائارىپ مەكتىپى مەيدانغا كەلدى.

بىز تۆۋەندە ناھىيىمىزنىڭ يېقىنقى زامان مائارىپ تارىخىنى ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن ئىلگىرىكى مائارىپ ۋە ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىنكى (ئازادلىققا قەدەر) مائارىپ دېگەن ئىككى تېما بويىچە بايان قىلىمىز.

# يۇرت شەجەرىسى

## يېڭىئۆستەڭ يېزىسىنىڭ بىناقىلىنىشى توغرىسىدا

غەيرەتجان ئوسمان

قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ يېڭىئۆستەڭ يېزىسى بۇ ناھىيىنىڭ باشقا يېزىلىرىغا قارىغاندا نىسبەتەن يېڭى يېزا ھېسابلىنىدۇ.

بۇ يېزا قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. قەشقەر كونىشەھەر بازىرىنىڭ شەرقىدىن 33.5 كىلومېتىر يىراقلىقتا، جەنۇب تەرىپى قىزىل دەرياسى بىلەن يېڭىشەھەر ناھىيىسىگە تۇتىشىدۇ. شەرق تەرىپى پەيزاۋات ناھىيىسىگە تۇتىشىدۇ.

يېڭىئۆستەڭ يېزىسى 1980 ـ يىللاردىن ئىلگىرى ئاققاش يېزىسى بىلەن قوشۇلۇپ يېڭىئۆستەڭ يېزىسى دەپلا ئاتىلاتتى. ھازىر ئىككى يېزا قىلىپ قۇرۇلدى. 1986 ـ يىلى نەشىر قىلىنغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ يەر جاي ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە يېڭىئۆستەڭ يېزىسىنىڭ ئومۇمىي يەر مەيدانى 148.8 كۋادرات كىلومېتىر (223 مىڭ 198 مو)، نوپۇسى 25 مىڭ 191 نەپەر، ئاققاش يېزىسىنىڭ يەر مەيدانى 242.78 كۋاد-

رات كىلومېتىر (364 مىڭ 164 مو)، نوپۇسى 6854 نەپەر دەپ كۆرسىتىلگەن.

يېڭىئۆستەڭ ۋە ئاققاش يېزىلىرىدا ئەزەلدىن ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن. ئازادلىقتىن كېيىن بولۇپمۇ 1962 ـ يىلدىن كېيىن بىر نەچچە ئائىلە خەنزۇلار ئولتۇراقلاشقان.

يېڭىئۆستەڭ يېزىسىنىڭ بىنا قىلىنىشى، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئىشتا زوھۇردۇن ھاكىمبەگنىڭ بىر ئۈلۈش ھەسسىسى بار.

1820 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىن 1840 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا زوھۇردۇن ھاكىم چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەيىنلىشى بىلەن قەشقەردە ھاكىمبەگ (ۋالىي) بولۇپ تۇرغان.

يېڭىئۆستەڭ يېزىسىنىڭ بىنا قىلىنىشىدا مۇنداق بىر تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش بار. ھىجىرىيە 1249 ـ يىلى (مىلادىيە 1833 — 1834) سەبدەر شاھ ئەزىم دېگەن غالچا ئافغانىستان ھۆكۈمرانلىرىنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن بەدەخشانلىق بىر گورۇھ كىشىلەرنى باشلاپ قەشقەر رايونىنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىتىدۇ. چىڭ سۇلالىسى ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسى 3000 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى ئەۋەتىپ، ئاقسۇدىكى قوشۇنلار بىلەن ھەمكارلىشىپ قەشقەرگە يۈرۈش قىلىپ سەبدار شاھ ئەزەم باشچىلىقىدىكى غالچىلارنى قەشقەردىن ھىجىرىيە 1250 ـ يىللىرى (مىلادىيە 1835 ـ يىلى) قوغلاپ چىقىرىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى قەشقەرنىڭ پاراكەندىچىلىكتىن قۇتۇلغانلىق توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

لىغاندىن كېيىن بىر قانچە تۈرلۈك يولىيوروق بېرىدۇ، بۇنىڭ بىرىدە «تېرىشقا بولىدىغان ئىلىكى بوز يەرلەرنى خەلققە ئاچقۇزۇپ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، خەلقنى يەر، سۇغا ئىگە قىلىپ، كىرىمىنى كۆپەيتىش كېرەك» دېيىلگەن①.

زوھرۇدۇن ھاكىمبەگ بۇ يولىيورۇقنى ئەمەلىيەلەشتۈرۈش ئۈچۈن خەلققە بوز يەر ئاچقۇزۇپ، يەر تېرىشقا ھەيدەكچىلىك قىلغان. شۇ قاتاردا يېڭىستۈستەك يېزىسىمۇ ئېچىلىشقا باشلىغان.

بۇ يېزا تەۋەسىگە ئىلگىرى مۇقىم دەريا سۈيى بارمايدىغان، ئەمما كەلكۈن سۇلىرى ئېرىق - ئۆستەڭلەردىن ئاشقان، يەر - زېمىنلىرىدىن يار ئېلىپ قاچقان سۇلار يىغىلىپ قالىدىغان زەي، شورلۇق، قۇملۇق بىر جاي بولغان. زوھرۇدۇن ھاكىمبەگ بۇ يەرنىڭ ئېچىشقا تېگىشلىك ياخشى يەر ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىتىپ، ئۇنى مۇقىم ئېقىن سۇ بىلەن تەمىن ئېتىش ئۈچۈن تۈمەن دەرياسىنىڭ سۈيىنى باشلاپ بېرىش قارارىغا كېلىدۇ.

ئىلگىرى تۈمەن دەرياسىنىڭ سۈيى قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن قىزىل دەرياسىغا قۇيۇلۇپ كېتەر ئىكەن. زوھرۇدۇن ھاكىمبەگنىڭ دەريا سۈيىنى قانداق ئۇسۇل بىلەن شەرققە باشلاپ بارغانلىقى توغرىلىق خەلق ئارىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت تارقالغان:

بىر كۈنى ئۇ بىر قانچە ئاتقا قوشقۇن، تۆشـتارتقۇ، قاڭتوروق چاتمىغان ئېگەر سېلىپ شەرققە قاراپ ھەيدەتكۈزۈپ ماڭغۇزغان ، ئات قەيەر بىلەن

ماڭغاندا، ئېگەر ئاتنىڭ بويىون تەردېپىگە سىلجىسا شۇ يەرگە بەلگە سېلىپ ماڭغان. شۇ ئۇسۇل بىلەن دەريانىڭ يۆنىلىشىنى بەلگىلەپ چىققانىمىش②. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ، يۇمشاق-قاتتىق ۋاستىلارنى ئىشقا سېلىپ، كەڭ خەلقنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، بىر قانچە يىل جاپالىق ئىشلەپ، تۇمەن دەرياسىنى شەرققە يىگىرمە نەچچە كىلومېتىر ئۇزارتىپ ياستىپ، ئۇنىڭغا سۇ باشلىتىپ يېڭىئۆستەڭ تەۋەسىنى تۇراقلىق ئېقىن سۇ بىلەن تەمىنلىگەن. ئاندىن كېيىن قەشقەر شەھىرى ئەتراپىدىكى قوغان، پاختەكلە، سەمەن، ئاۋات، ئاتۇش ۋە يېڭىشەھەر، يېڭىسار قاتارلىق جايلاردىن بىر تۈركۈم ئاھالىنى — بەزىلىرىنى ئىختىيارى، بەزىلىرىنى مەجبۇرىي يوسۇندا بۇ يەرگە ئېلىپ بارغان. ئۇلارغا يەر، سۇ، ئۇرۇقلۇق بۆلۈپ بەرگەن، يەنى باشقا ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى بىلەنمۇ تەمىنلىگەن. ئېيىتىشلارغا قارىغاندا، ئۇلاردىن ئۈچ يىلغىچە باج-سېلىق ئالماسلىقنى بەلگىلىگەنىكەن. يېڭىئۆستەڭ تەۋەسىگە ئاھالە كۆچۈرۈشتە ناھراتلارنى كۆچۈرۈپلا قالماستىن بەلكى بايلار، ھۆكۈمران تەبىقە كىشلەر، بەزى ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەرنىمۇ كۆچۈپ بېرىشقا سەپەرۋەر قىلغان.

بۇنىڭغا بىر مىسال كەلتۈرسەك: تەكتى بەشكېرەم قازىرىق بەگلىكىنىڭ يۇقىرىقى قازىرىق كەنتىدىن (ھازىر بۇ كەنت قوغان يېزىسىغا تەۋە) ئۆز ۋاقتىدا قەشقەر شەھىرى مەھكىمىسىنىڭ قازىلىرىدىن بىرى بولغان ھەم كېيىنچە بەشكېرەم قازىرىق بەگلىكىنىڭ

بېگى توختى قازاخۇنۇم موللا بوۋاق ئوغلى (موللا توخـ
تى كاشغەرى) سىڭلىسى ئايلىمخاننى كونا قوغان (ھا-
زدرقى قەشقەر شەھەرلىك 4 - ئوتتۇرا مەكتەپ تەۋدسى)
لىق دوستىدىنىڭ ئوغلى موللا مۇھەممەد خەلپىتىمگە ياتـ
لىق قىلىپ، ئۇ ئىككىيلەننى يېڭىئۈستەك يېزىسىنىڭ
سوڭگولاچكەنتىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆيلۈك - ئو-
چاقلىق قىلغان. ئۇلارنىڭ بالا - چاقىسى بولماي، ئۇ
يەردە خاتىرجەم تۇرالماي ۋاتقانلىقىنى بىلگەندىن كې-
يىن، توختى قازى ئاخۇنۇم يەنە ئۆزى ھەستۇرىخاننى
سىڭلىسى رايلىمخاننىڭ ئوغلى مامۇت قارىغا ياتلىق
قىلىپ، يەنىمۇ خاتىرجەم قىلغان، مامۇت ئاخۇن تا-
غىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ بوز يەر ئېچىپ، ئۇ كەنتنىڭ
گۈللىنىشىگە مۇناسىپ ھەسسە قوشقان. ئەمما ئۇ كى-
شىنىڭمۇ پەرزەنتى بولماي، داۋاملىق ماكانلىشىپ قې-
لىش ئىرادىسى تەۋرىنىپ تۇرغاندا، تاغىسى توختى قا-
زىنىڭ ئوغلى مەدرىسەئىد ئاخۇن ئۆز ئوغلى ياقۇپ قارى،
قىزى رىزۋانخانلارنى ئىنىسى مامۇت قارىغا پەرزەنت
قىلىپ بەرگەن③

19 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى ئۇيغۇر
كلاسسىك ئەدەبىيات مۇنبىرىدە چوڭ ئورۇن تۇتىدى-
غان «ماقالات»، «ناۋائىنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكى توغ-
رىسىدا»، «بەھرول - ئەنساپ» (نەسەپ دەرياسى) قا-
تارلىق ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى ئىمىر ھۆسەيىن سە-
بۇرى قوغان يېزىسىدا تۇغۇلغان. زوھرۇدۇن ھاكىمبەگ
سەبۇرىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىدە قولغا كەل-
تۈرۈلگەن نەتىجىلىرىگە ئالاھىدە دىققەت بىلەن قا-
راپ، ئۇنىڭغا بىرەر شەپقەت كۆرسىتىش ئۈچۈن يېڭى-

ـئۆستەڭ يېزىسىنىڭ «ھەرەمباغ» (باغى ئېرەم) كەنتى-
دىن بىر ئېچىق سۇ، بىر قىسىم بىنا-ئام يەر ئاجرىتىپ
بەرگەن، سەبورى ئائىلىسى بىلەن ئۇ يەرگە كۆچۈپ
بېرىپ ماكانلىشىپ ئۆمرىنى ئاخىرلاشتۇرغان.④ دېمەك،
ئۇ، يېڭىئۆستەڭ يېزىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ھەسسە
قوشقان.

قەشقەر شەھىرىدىكى بىر قىسىم بايلارمۇ يېڭىئۆس-
تەڭ يېزىسىدىن يەر ئىگىلەپ، كېيىنچە بەزى-
لىرى ئۆزلەشتۈرگەن يەرنى سېتىـ
ۋېلىپ قوغۇن-تاۋۇز تېرىپ، باغ بىنا قىلىپ،
قورۇ-جاي ياسىتىپ، ئۇ ئورۇننى يازلىق ئىستىراھەت
ئورنىغا ئايلاندۇرغان. ئۇلار ھەر يازدا، بولۇپمۇ قو-
غۇن-تاۋۇز پىشقاندا خوتۇن-بالىلىرى، دوست-بۇرا-
دەرلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، بىر قانچە ئاي تۇرۇپ ياز-
نىڭ ھەشەمەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشقان.

يېڭىئۆستەڭ يېزىسىنىڭ شىمالىي ۋە شەرقىي تە-
ۋەسىدە يەنە نۇرغۇن قۇم-بارخانلىرى بولۇپ بۇمۇ
كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپتۇرغان. يەنە ئاغرىقى-
سىلاپ (ئاساسەن رىماتىزىم بولغان) كىشىلەر يېقىن-
يىراقتىن بۇ يەرگە كېلىپ قۇمغا كۆمۈلۈپ شىپالىق
تاپقان.

يېڭىئۆستەڭ يېزىسى مانا شۇنداق نۇرغۇن كىشى-
لەرنىڭ جاپالىق ئىشلىشى ئارقىسىدا بۈگۈنكىدەك ئا-
ۋات، باياشات چوڭ يېزا بولۇپ قالغان. شۇنداق ھې-
سابلىغاندا يېڭىئۆستەڭ يېزىسى 1834 — 1835 - يىل-
لاردىن كېيىن بىنا قىلىنىشقا باشلىغان دەپ ئېيتىشقا
بولىدۇ،

ئېتىشلارغا قارىغاندا، يېڭىئۆستەڭ يېزىسى دەسلەپ شەكىللەنگەن چاغدا بەشكېرەم، قازىرىدىق بەگلىكىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان، (بەزىلەر ئاۋات بەگلىكىگە قارىغان دېسە، يەنە بەزىلەر ئايرىم بىر بەگلىك ھېسابلانغان دېيىشىدۇ)، «يېڭىئۆستەڭ» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى بولسا تۆمەن دەرياسىنىڭ ئۇزارتىلىپ يېڭىدىن ياسىلىپ مۇشۇ يېزىغىچە بارغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. يېڭىئۆستەڭ يېزىسى بىنا قىلىنغاندىن كېيىن، دەسلەپ ئاچا تام (ئاق تام دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، ھەرەمباغ، يىڭنە قاش، سۆگكۈلاچ، چىچەكلىك، دۆڭكۆل، لەنگەر، ئاققاش قاتارلىق كەنت، مەھەللىلەر بارلىققا كەلگەن. ھازىر يېڭىئۆستەڭ، ئاققاش يېزىلىرىدا 22 كەنت، مەھەللە بار بولىدى. يېڭىئۆستەڭ يېزىسىنىڭ بىنا قىلىنىشى بەگلىك تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى، بۇ يەردە يەنە ھازىر 32 مىڭدىن ئارتۇق ئائىلە (ئاققاش يېزىسى قوشۇلۇپ ھېسابلانغاندا) تىرىكچىلىك قىلىۋاتقانلىقىنى نەزەرگە ئالغاندا ئەلۋەتتە بۇ خىل تەرەققىياتنىڭ نەتىجە بەرگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

---

ئىزاھات:

① ئابدۇرېھىم سابىت «بەدەخشانلىق غالچىلارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇغدۇرغان پاراكەندىچىلىك ۋەقەلىرى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلى 1992 - يىلى 2 - سان 11 - بەت.

② بۇ رىۋايەتنى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيە قوغان يېزا يۇقىرىقى قازىرىدىق كەنتىدىكى ئوسمان قاسىم سۆزلەپ بەرگەن.

③ بۇ مەلۇماتنى يېڭىئۆستەڭ يېزىسىنىڭ دۆڭكۆل كەنتىدىكى رىزۋانخان مامۇت سۆزلەپ بەرگەن.

④ ئابدۇرېھىم سابىت «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» ئىككىنچى كىتاب 2 - قىسىم 392 - بەت.

# ئاھىيىمىز تەۋەسىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى

**ھېيت كېرىم**

كونىشەھەر ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان. قەشقەر بوستانلىقىنىڭ مەركىزىي قىسمىغا، قىزىل ۋە گەز دەريالىرىنىڭ تىنىدۇرما تۈزلەڭلىكىگە ئورۇنلاشقان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈي 9 - يىلى (1883 - يىلى) ناھىيىلىك ھۆكۈمەت تەسىس قىلىنغىنىغا ئاران 110 يىل بولغان بولسىمۇ، ناھىيىمىز تېررىتورىيىسى تارىم ئويمانلىقىدىكى ئەڭ قەدىمكى دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ بىرىدە ئايلانغان، بۇ يەردە ياشىغۇچى ئەجدادلىرىمىز مىلادىيىدىن نەچچە مىڭ يىل بۇرۇنلا سۇ بويلىرىدا دېھقانچىلىق، ئوتلاقلاردا چارۋىچىلىق، ئورمانلاردا ئوۋچىلىق قاتارلىق پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ تىرىكچىلىك قىلغان.

شەھەر - قەلئەلەرنى بىنا قىلىپ، ھۈنەر-سەنئەت، سودا - سېتىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇلار ئۆز بېشىدىن مەدەنىيەتنىڭ ھەممە باسقۇچلىرىنى — يونىما تاش قوراللار دەۋرى، سىلىق تاش قوراللار دەۋرى، مىس، تۇچ، چويۇن ۋە تۆمۈر دەۋرى، (مەدەن دەۋرى) مەدەنىيەتنى باسقۇچلىرىنى ئۆز ئايىغى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بېسىپ ئۆتۈپ، ئۆز قولى بىلەن پارلاق مەدەنىيەت بەرپا قىلىپ، هازىرقى زامان مەدەنىيىتى دەۋرىگە يېتىپ كې-لىشكەن. بۇنى ئازادلىقتىن بۇيان ئېلىپ بېرىلغان ئارخې-ئولوگىيىلىك ئىلمىي قېدىرىشلاردا دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ، ئېنىقلاپ بېكىتكەن. نۇرغۇنلىغان قەبرىس-تانلىق، مازارلار يۇقىرى تارىخىي ئىلمىي قىممەتكە ئىگە مول مەدەنىي يادىكارلىقلار ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

مۇناسىۋەتلىك مەسئۇل تارماقلار ۋە ئىلمىي خا-دىملار تەرىپىدىن يۈزەكى تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق نا-هىيىمىز تەۋەسىدىن بېكىتكەن مەدەنىيەت يادىكارلىق 109 بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرى ما-زىرى، مۇرا بۇددا مۇنارىسى، خانئۆي قەدىمكى شەھىرى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىپ باشقۇرۇلىدىغان ئورۇن قىلىپ بېكىتىلگەن، ئۇنىڭ مۇھىملىرى تۆۋەن-دىكىلەردىن ئىبارەت:

### بىرىنچى، قەدىمكى شەھەر خارابىلىرى

(1) خانئۆي قەدىمكى شەھەر خارابىسى (بەشكېرەم يېزىسىدا)

(2) مانكەنت قەدىمكى شەھەر خارابىسى (ساي-باغ يېزىسىدا)

(3) باغچا قەدىمكى شەھەر خارابىسى (ئوپال يېزىسىدا)

(4) ياقورغان قەدىمكى شەھەر خارابىسى (ئوپال يېزىسىدا)

(5) دەقيانوس قەدىمكى شەھەر خارابىسى (خاڭ-دى يېزىسىدا)

(6) ئاقتاللا قەدىمكى شەھەر خارابىسى (ئوپال يېزىسىدا)

## ئىككىنچى، خارابە ئىزلار

(1) تېرىم يېزىسىدىن تېپىلغان شەھەر خارابە ئىزى.
(2) كامران ساي ئىزى (تېرىم يېزىسىدا)
(3) تېرىم يېزىسىدىن تېپىلغان ئەش خېنىمنىڭ چېكمىسى ئىزى.
(4) زەمىن يېزىسىدىن تېپىلغان تۈگمەنبېشى ئىزى.
(5) زەمىندىن تېپىلغان ئېرىقبېشى ئىزى.
(6) بەشكېرەمدىن تېپىلغان مۇرا مۇنارىسى.
(7) بەشكېرەمدىن تېپىلغان كەپتەرخانا ئىزى.
(8) قوغاندىن تېپىلغان ياۋۇلۇق ئىزى.
(9) ئوغۇساقتىن تېپىلغان ئوغۇساق ئىزى.
(10) مۇش يېزىسىدىن تېپىلغان قۇدۇق كۆۋرۈك خۇمدان ئىزى.
(11) ئوپالدىن تېپىلغان موللام تېغى ئىزى.
(12) چاشقان جاڭگال ئىزى (ئوپال يېزىسىدا)

## ئۈچىنچى، مەشھۇر مازارلار

(1) لەڭگەر يېزىسىدىن: بوۋى ئانام مازىرى.
(2) تېرىم يېزىسىدىن: قىلىچ بۇغراخان مازىرى.
(3) تېرىم يېزىسىدىن: تاشموللام مازىرى.
(4) زەمىن يېزىسىدىن: تاشموللام مازىرى.
(5) قوغان يېزىسىدىن: شاھپاشا مازىرى
(6) بەشكېرەم يېزىسىدىن: لايلىق تاش قەبرىسى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

(7) بەشكېرەم يېزىسىدىن: بۇمەريەم خېنىم مازىرى.
(8) مۇش يېزىسىدىن: قوش گۇمبەز قەبرىستانلىقى.
(9) ئوپال يېزىسىدىن: غاجو قونار مازىرى.
(10) ئوپال يېزىسىدىن: ھەزرىتى پاشا يىم مازىرى.
(11) ئوپال يېزىسىدىن: بۇۋى رابىيەم مازىرى.
(12) ئوپال يېزىسىدىن: ئىماملىرىم مازىرى.
(13) ئوپال يېزىسىدىن: خوجا سەييىدىن بۇزرۇك- ۋار مازىرى.
(14) ئوپال يېزىسىدىن: سۇلتان ئالىپ مازىرى.
(15) ئوپال يېزىسىدىن: كونا قوغان مازىرى.
(16) ئوپال يېزىسىدىن: سۇبۇك تېگىن مازىرى.
(17) ئوپال يېزىسىدىن: ئالىپ تېگىن مازىرى.
(18) ئوپال يېزىسىدىن قىلىچ بۇغراخان مازىرى.
(19) لەنگەر يېزىسىدىن: غوجاۋاغ غوجام مازىرى.
(20) ئاۋات يېزىسىدىن: قىلىچ بۇغراخان مازىرى.

## تۆتىنچى، تېپىلغان تۇر

(1) لەنگەر يېزىسىدىن: ئاقتام تۇر (پوتەي).
(2) بەشكېرەم يېزىسىدىن: مورا مۇنارىسى.
(3) ئاققاش يېزىسىدىن: تۇر (مۇنار).
(4) تۆتتۇر كەندىكى توققۇز ھۇجرا.

## بەشىنچى، مەدەنىي يادىكارلىقلارغا ئائىت ماددىي نەرسىلەر

(1) تاش قورال دەۋرىگە ئائىت تاش پىچاق، تاش ئوغاق، تاش ھاۋانچا، تۈگمەن تېشى، ياغۇنچاق، تاشقا ئويۇلغان خەت نۇسخىلىرى، تاشقا ئايلانغان قۇشلارنىڭ ئۆلگىلىرى.

(2) كۇلالچىلىق مەدەنىيىتىدە ئسائىت ساپال، كۆپ، كوزا، يام، ئىۋرىق، خۇمرا، ھەر خىل قاچا - قۇچىلار ۋە ئۇنىڭغا تىزىلغان ئادەم، گۈل - گىياھ، نەققاش قاتارلىق ھەر خىل شەكىل نۇسخىلىرى.

(3) ھەر خىل مىس پول، تۇچ ھەيكەل، تۆمۈر، ساۋۇت چاپان، ھەر خىل، ھەرياگزا مارجان قاتارلىق نەرسىلەر قىزىلغان بولۇپ، ئاسارە-ئەتىقە ئورنىدا ساقلانماقتا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ناھىيىمىز تەۋەسىدىكى نوقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان ئورۇنلار توغرىسىدا قىسقىچە ئىزاھات

ۋارىسجان رەھىم

## مەھمۇد قەشقەرى مەقبەرىسى

مەقبەرە — ئوپال يېزا، موللام بېغى كەنتىگە تەۋە ئازىختا بولۇپ، يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدىن ئۈچ كىلومېتر كېلىدىغان ھەزرىتى موللام تېغىنىڭ غەربىي جەنۇبىي تەرىپىدىكى ئېگىزلىككە جايلاشقان.

ئېنىق ئورنى: E 38° 18′46″ N 75° 30′38″ بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 1430 مېتىر ئېگىز. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1983 - يىلى 12 - ئايدا بۇ مەقبەرىنى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نوقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان ئورۇن دەپ ئېلان قىلغان. بۇ مەقبەرە قاراخانىيلار ھۆكۈمرانلىرىدىن بۇغراخان مۇھەممەد بىن يۈسۈپنىڭ ئوغلى، مىلادىيە 1056 — 1057 - يىللىرىدىكى بارىسخان ھاكىمى ھۈسەيىنىنىڭ پەرزەنتى، ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىم، مەشھۇر تىلشۇناس مەھمۇد قەشقەرىنىڭ مەقبەرىسى. ئۇ، تەخمىنەن 11- ئەسىرنىڭ 1- چارىكىدە

ئوپالنىڭ ئازىق كەنتىدە تۇغۇلۇپ 12 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى چارىكىدە 97 يېشىدا ۋاپات بولغان ھەم شۇ يەردە دەپنە قىلىنغان.

ئالىم تۈركىي تىللار ئۈستىدىكى ئۇزۇن نەچچە يىللىق ئەمەلىي تەكشۈرۈشلىرى ۋە تەتقىقاتى ئاساسىدا مىلادىيە 1074 - يىلى «دىۋان لۇغەتىت تۈرك» (تۈركىي تىللار دىۋانى) دېگەن مەشھۇر ئەسىرىنى يازغان، ئالىمنىڭ بايانىغا ئاساسلانغاندا، ئۇ يەنە «كىتابۇ جاۋاھىرىن نەھۋى فى لۇغاتىت تۈرك» (تۈركىي تىللار گىراممانتىكىسىنىڭ جەۋھەرلىرى) دېگەن بىر كىتابىنى يازغان. لېكىن بۇ كىتاب بىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن.

تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئالىم 89 يېشىدا باغداتتىن قايتىپ كېلىپ، ئۆز ئۆمرىنى ئوپال ئازىقتا ئىلىم مەرىپەت تارقىتىش بىلەن ئۆتكۈزگەن. شۇڭا، بۇ يەرلەر «موللام بېغى» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئۆز قولى بىلەن قويغان «ھاي ـ ھاي تېرەك» كى ئالىمنىڭ ئوبرازىنى نامايان قىلىپ تۇرسا، «چەشمە زىلال»، «ئىجتىھا غارى»، «ھەزرىتى موللام تېغى» قاتارلىق ئون نەچچە ئورۇن مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللىك ئىلىم مۇتەخەسسىسلىرى، ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىپ ھۇزۇرلاندۇرىدۇ. 1993 ـ يىلى مەقبەرە يېنىدىكى ئورمانلىق ئوتتۇرىسىغا ئالىمنىڭ پۈتۈن گەۋدىلىك تەقلىدىي ھەيكىلى ئورنىتىلىپ، كىشىلەر ئالدىدا ئالىمنىڭ بۈيۈك ئوبرازى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## خان ئۆي قەدىمكى شەھىرى

خان ئۆيدىكى قەدىمقي شەھەر خارابىسى بەشكېرەم يېزا دائىرىسىدە بولۇپ، بەشكېرەم يېزا خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق ئورۇندىن شەرقىي شىمال 6.4 كىلومېتىر يىراقلىقتا، شەرق تەرىپى سېرىق توپا ئېگىزلىكى، شىمال تەرىپى قامال تاغ ئىزمىسى، غەربىي جەنۇب تەرىپى تەكشى كەتكەن مۇنبەت دالا بولۇپ، ئېنىق ئورنى ‹‹N76° 11′28″، E39° 33′03، كۆلىمى 8924 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1957 - يىلى 4 - ئايدا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان ئورۇن قىلىپ ئېلان قىلغان.

قەدىمكى شەھەر قۇرۇلۇشى سېرىق توپىلىق پەلەمپەيسىمان دالىدا قۇرۇلغان بولۇپ، شەرقتىكى شەھەر سېپىلىدىن بىر قىسمى ساقلىنىپ قالغان. (ئۇزۇنلۇقى 65 مېتىر) شەھەر چاسا شەكلىدە بىنا قىلىنغان بولۇپ، ئىككى تەرەپىنىڭ ئوتتۇرا ئارىلىقى 92×97 مېتىر، تاملىرى لاي بىلەن كۆككۆرلۇق قىلىپ قوپۇرۇلغان، سېپىلنىڭ ئاستى كەڭلىكى 6 — 7.5 مېتىر، قالدۇق قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى ئالتە مېتىر، ئۈستىنىڭ كەڭلىكى 3.8 مېتىر، شىمالىي قىسمىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئات يوزى شەكلىلىك دالان ساقلىنىپ قالغان. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىلگىرى كېيىن بولۇپ يەھنفىڭ يامبۇسى، پارس كۈمۈش پۇلى، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى كۈمۈش پۇل قاتارلىق ئاسارە-ئەتىقىلەر تېپىلغان.

تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، قاراخا-

نىيلار خانىدانلىقى مىلادىيە 8 ــ 9 ــ ئەسىردە بۇ شەھەرنى پايتەخت قىلغان بولۇپ، سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار بىلەن بۇددىست ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان قاتتىق جەڭدە بۇ شەھەر خارابىلىققا ئايلانغان. يەنە بىر مەلۇماتتا بۇ شەھەر چاقماق دەرياسىدىن كەلگەن كەلكۈن سۈيىدە ۋەيران بولغان دېيىلىدۇ.

**خوجا قونار ئىزى**

«خوجا قونار ئىزى» كونىشەھەر ئوپال يېزىسىنىڭ دۆڭ ئۆستەڭ كەنتىدە بولۇپ، يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن غەربىي جەنۇب تەرەپكە 2 ــ 3 كىلومېتىر يىراقلىقتا ئورۇنلاشقان. «ئىز» دۆڭ ئەتراپىدىكى ئېرىقنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى بىر تۆپىلىكتە بولۇپ، شەرقىي تەرىپىدە خوجاقونار مازىرى بار. شىمال تەرىپى ئۆستەڭ، جەنۇب تەرىپى بۇلاق، «ئىز» ئاساسەن شامالدا بۇزۇلغان. «ئىز» نىڭ كۆلىمى 10 مىڭ كۋادرات مېتىر.

ئېنىق ئورنى: $E39^{\circ}\ 16'25''$ ، $N75^{\circ}\ 31''32''$ دېڭىز يۈزىدىن تەخمىنەن 1468 مېتىر ئېگىز.

«ئىز» يېڭى تاش قورال دەۋرىگە مەنسۇپ، ئۈستىدىن قارىغاندا «ئىز» نىڭ بۇزۇلۇشى ئېغىر، لېكىن قەدىمكى قەبرىستانلىق ساقلىنىپ قالغان. بۇ يەردىن 83 ــ، 85 ــ، 90 ــ يىللىرى ۋە تا ھازىرغىچە تاش قورال، تاش پىچاق، قۇم قازان، تاش ياراق، (قورال) قىزىل ساپال ۋە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ قىمـ

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com

مەتلىك مىس بۇيۇملار تېپىلغان. 83 — 90 - يىللىرى ئاپتونوم رايونلۇق ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەترىتى تەكشۈرۈپ بېكىتكەن. لېكىن قېزىش خاراكتېرلىك قېزىلمىغان.

## قىرغىز يولى بېشى ئىزى

«ئىز» ئوپال يېزىسىدا بولۇپ، يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ. ئۈچ كىلومېتىر يىراقلىقتا. (ئىز) نىڭ كۆلىمى 20 مىڭ كۋادرات مېتىر، دېڭىز يۈزىدىن 1440 مېتىر ئېگىز. ئەمەنىيە يىغىلىق دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. ئېنىق ئورنى: E39° 17′ 16″ N79° 29′ 40″

«ئىز» نىڭ كۆلىمى كەڭ بولغاچقا شۇ دائىرىدە ئائىت ساپال بۇيۇم ۋە ساپال پارچىلىرى كۆپ ئۇچرايدۇ. «ئىز» نىڭ جەنۇب تەرىپى بۇلاق سۈيىدىن شەكىللەنگەن ئۆستەڭگە تۇتىشىدۇ، «ئىز» نىڭ يۇقىرى تەرىپى جاڭگاللىق، «ئىز» نىڭ بەزى يەرلىرى يېزىلاردا ئورمان قويۇش جەريانىدا بۇزۇلغان. 1984 — 1985 - يىللىرى ئورمان قويۇش جەريانىدا جەمئەت بىلەن قويۇلغان ساپال كوزا، خۇمرا قاتارلىقلار تېپىلغان، بۇ كوزا قاتارلىقلار قىزىل قۇم كوزا بولۇپ، ئالاھىدە پۇختا ياسالغان. «ئاقىدا ئىزى» دىن تېپىلغانلىرى بىلەن ئوخشايدۇ. ئارخېئولوگلار تەكشۈرۈپ 1990 - يىلى ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ئورۇن دەپ ئېلان قىلغان. لېكىن قېزىش خاراكتېرلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارمىغان.

## ئاقدالا قەدىمكى شەھەر خارابىسى

ئاقدالا قەدىمكى شەھەرى خارابىسى ئوپال يې-زىسىدا بولۇپ، ئوپىلاتدېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ غەر-بىي‌شىما لىدىن بىر كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. ئاق-دالا قەدىمكى شەھىرىنىڭ‌جەنۇبىي شىمال تەرەپلىرىدە چوڭقۇر خەندەك بار. خەندەك ئىچىدە ئۆستەڭ بار، بۇ ئۆستەڭ قەدىمكى شەھەرنى قورشاپ تۇرىدۇ. قەدىمكى شەھەر ئىككى خەندەك ئوتتۇرىسىدىكى تۆپىلىكتە. دې-ڭىز يۈزىدىن 1550 مېتىر ئېگىز، كۆلىمى 7884 كۋادرات مېتىر، ئېنىق ئورنى:

تەخمىنەن مىلادىدىن $E76^\circ 26'$ $N31^\circ 21'5''$

ئىلگىرىكى 3 ـ ئەسىرىدە ياسالغان.

بۇ قەلئەنى قەدىمكى شەھەر مەركىزى دېيىشكە بولىدۇ. شەھەر تۆت چاسا شەكىللىك بولۇپ، تاملىرى ساقلاپ قېلىنغان، ھەر بىر تەرىپى تەخمىنەن 80 مېتىر كېلىدۇ. قەلئە ئىچىدىن قىزىل ۋە كۆلرەڭسا پال پار-چىلىرى ۋە يىرىك قۇم سا پال پارچىلىرى قېزىۋېلىن-غان بولۇپ، ھېچقانداق‌تەسىرگە ئۇچرىمىغان ساق‌كوزا چىققان. بۇ 3ـ ئەسىر دەۋرىنى تەتقىق‌قىلىشقا ئىنتا-يىن مۇھىم ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قەلئە ئى-چىدە تۇنجى قېتىم قېزىۋېلىش ئېلىپ‌بېرىلغان بولۇپ، 90 ـ يىللى ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ئورۇن دەپ ئېلان قىلىنغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## تۆگمەنبېشى ئۆزى

تۆگمەنبېشى ئۆزى زەمىن يېزىسىنىڭ كوچا كەنتىدە بولۇپ، يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن 7.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. «ئۆز» سېرىق توپا ئېگىزلىكىدە بولۇپ، تۆت ئەتراپى تەكشى كەتكەن تېرىلغۇ يەر، «ئۆز» نىڭ كۆلىمى 25 مىڭ كۋادرات مېتىر، ئېنىق ئورنى: E39°23′42″ N75°43′43″ «ئۆز»دا ساپال پارچىلىرى بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، ساپال پارچىلىرى ئىچىدە كوزىنىڭ ئېغىزى ۋە قۇلاق پارچىلىرى بار. ئۇنىڭدىن باشقا ساپال پارچىلىرىدا قەدىمكى نەقىش ئۆلگىلىرى بار. «ئۆز» نىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى قىرغاقتا قەدىمكى كۇلالچىلىق خۇمدىنى بار بولۇپ، ئۈستىنىڭ چاپقاندا بۇزۇۋېتىلگەن. «ئۆز» دا مەدەنىيەت يادىكارلىق ئۇسخىلىرىنى يىغىۋېلىش قاتارلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغان، 1991 - يىلى ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ئورۇن دەپ ئېلان قىلىنغان.

## ياۋلۇق ئۆزى

ياۋلۇق ئۆزى — كونىشەھەر ناھىيە قوغانيېزا، يۇقىرىنقى قازدىرىق كەنتى دائىرىسى ئىچىگە جايلاشقان. قەشقەر شەھرى مەركىزىدىن ئىككى كىلومېتىر كېلىدۇ. چاقماق دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا، ئۇرۇمچى - قەشقەر تاشيولىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە. ئومۇمىي كۆلىمى 360 مىڭ كۋادرات مېتىر،

ئېنىق ئورنى : E39° 34′24″
، N75° 59′06″

«ئېرىز» ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشتىن بۇرۇن-
قى ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. «ئېرىز» دا ساپال
پارچىلىرى كەڭرى بولۇپلا قالماستىن، يەردىن چىقىپ
كۆرۈنۈپ قالغان قىزىل ساپالدىن ياسالغان كۆپلەر-
نىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ. 1990 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان
ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش جەريانىدا «ئېرىز» نىڭ
جەنۇبىدىن بىر كوزا تېپىلغان بولۇپ، كوزىنىڭ ھۈ-
نەرسەنئىتى ناھايىتى يۇقىرى ھەم كۆركەم.

1992 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئارخېئولوگى-
يىلىك تەكشۈرۈش ئەترىتى قۇتقۇزۇش خاراكتېرلىك
قېزىش ئېلىپ بارغانىدى. قېزىش جەريانىدا ھېچقان-
داق تەبىئىي بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىمىغان ئۈچ دانە
چوڭ كۆپ قېزىۋېلىندى. كۆپلەرنىڭ گىرۋەكلىرى ۋە
ھەر خىل نەقىشلىرى ناھايىتى كۆركەم، ئارخېئولوگ-
لارنىڭ قارىشىچە، قېزىۋېلىنغان بۇيۇملار 3 - ئەسىر-
دىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۇلالچىلىق مەدەنىيىتىنى تەتقىق
قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم ماتېرىيال ئىكەن.

## كەپتەرخانا بۇددا ئىبادەتخانىلىرى

بۇ «ئېرىز» بەشكېرەم يېزىسىنىڭ كەپتەرخانا
كەنت دائىرىسىدە بولۇپ، يېزا مەركىزىدىن شەرقىي
شىمالغا سەككىز كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا. يەر شەك-
لى تەكشى، «ئېرىز» نىڭ غەرب تەرىپىدىكى يول بىلەن
خانىئۆي كەنتىگە بارغىلى بولىدۇ. «ئېرىز» بەشكېرەم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بازىرى ئارقىلىق «مورا بۇددا مۇنارىسى» غا بارىدىغان يولنىڭ جەنۇب تەرىپىدىن 200 مېتىر يىراقلىقتا، كۆلىمى 100 كۋادرات مېتىر.

ئېنىق ئورنى: E 39˚ 34′09″ N 76˚ 12′48″

«ئىز» ئاساسەن بۇددا ئىبادەتخانىسى بولۇپ، سۇنئىي ۋە تەبىئىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن ئىبادەتخانىنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرىپىدىكى ئىككى تېمىلا قېلىپ، قالغىنى ئۆرۈلۈپ كەتكەن،شۇنداق بولسىمۇ ساقلىنىپ قالغان تامنىڭ ئىچى تەرىپىدە تەكشى كەتكەن كىچىك بۇت تەكچىلىرى بار. ئىبادەتخانىنىڭ ئىشىكى جەنۇب تەرەپتە، تام ئېگىزلىكى بەش مېتىر، بۇت تەكچىلىرى بىر خىل تەكشىلىكتە ئالتە قەۋەت ياسالغان، دېھقانلار بۇ ئىبادەتخانا ئەتراپى ۋە ئىچىدىن ھەر خىل ساپال ۋە مېتال بۇيۇملارنى تېپىۋالغان.

مىڭيول تۇر ئىزى

تۇر «ئىزى» مۇش يېزا مىڭيول كەنت كومىتېتىنىڭ شەرقىي شىمالىي تەرىپىدە، مۇش يېزا مەركىزىدىن غەربىي شىمال 11 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جايدا. «تۇر» ئىزىنىڭ شەرق تەرىپىدە دەريا بار. قالغان ئۈچ تەرىپى تەكشى كەتكەن تېرىلغۇ يەر، بۇ جايدا ئىككى بارىخان بار، «تۇر» غەربىي شىمالىدىكى بارىخان ئۈستىدە، بارىخاننىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن بەش مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، چوققا قىسمىنىڭ كۆلىمى 300 كۋادرات مېتىر. بارىخان

ئېلىپس شەكىللىك، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1740 مېتىر.

ئېنىق ئورنى: E39° 33′ 29″ N75° 32′ 15″ «تۈر» ئىزى شەرقتىن غەربكە قاراپ ئورۇنلاشقان. قارىغاندا مۇنارسىمان كۆرۈنىدۇ. سۇپا ئىزى تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىللىك، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 14 مېتىر. جەنۇپتىن شىمالغا كەڭلىكى 10 مېتىر، «تۈر» ئىزى بولغان مۇنار ئەتراپىغا ئازراق ساپال پارچىلىرى چېچىلغان بولۇپ، پارچە - پۇرات، تەركىبىدە ئاز مىقداردا قۇم ئارىلاشقان قىزىل ساپال بار. بۇ بىزنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى كۇلالچىلىق مەدەنىيىتى تارىخىنى تەتقىق قىلىشىمىزدا ناھايىتى مۇھىم ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

**قوۋۇرغا گۈمبەز قەبرىستانلىقى**

قوۋۇرغا گۈمبەز قەبرىستانلىقى مۇش يېزا مەنگيول كەنت تەۋەسىدە بولۇپ، كەنت مەركىزىنىڭ غەربىي شىمالىدا، يېزا مەركىزىدىن غەربىي شىمال 20.5 كىلومېتىر جايدا، قاراڭگۇلۇك دەرياسىنىڭ شەرقىي شىمال قىرغىقىدىكى ئېگىزلىكتە، قەبرىستانلىقنىڭ شىمالىي تەرىپىدە ئۆزبېكىستانغا بارىدىغان تاشيول ۋە ئىش باشلاپ توختىتىپ قويۇلغان تۆمۈر يول ئۇلى بار. كۆلىمى 10 مىڭ 300 كۋادرات مېتىر،

ئېنىق ئورنى: E39° 34′ 03″ N75° 25′ 14″ كۆلەمدائىرىسىدە قەبرىستانلىق تارقالغان. قەبرىستانلىق ئاساسەن تاش دۆۋە

www.uyghurkitap.com

قەبرە ۋە تاش بىلەن ئورالغان ئىككى قەبرە بولۇپ، تاش دۆۋە قەبرە كۆپ، چوڭىنىڭ دىئامېتىرى 3 — 2 مېتىر ئەتراپىدا، ئېگىزلىكى بىر مېتىر، كىچىكىنىڭ دىئامېتىرى 2 — 1.5 مېتىر ئەتراپىدا تاش بىلەن ئورالغان قەبرە يۇمىلاق شەكىلدە بولۇپ، قەبرىدە ئورالغان تاشنىڭ دىئامېتىرى: 0.4 — 0.3 مېتىر، تاشلار بىلەن شەكىللەندۈرۈلگەن بىر جايدىكى تاش دۆۋە قەبرىنى قانۇنسىز ئۇنسۇرلار كولاپ باققان. بۇ قەبرىلەردە قېزىش خاراكتېرلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلمىغان.

## كونا قورغان قەبرىستانلىقى

كونا قورغان قەبرىستانلىقى ئوپال يېزىسىنىڭ مولىلام بېغى كەنت تەۋەسىدە بولۇپ، ھەزرىتى موللام تېغىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان. يېزا مەركىزىنىڭ غەربىي شىمالىدىن 2.2 كىلومېتىر جايدا، شەرقىي شىمال تەرىپىدە بىر دەريا بار، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1410 مېتىر.

ئېنىق ئورنى: E39° 90′0″ N75° 31′33″ قەبرىستانلىق يارلىقتىن يېرىم ئېللىپىس شەكىلدە چىقىپ تۇرىدۇ. قەبرىنىڭ ئېغىزى جەنۇبقا قارىغان. قەبرە ئۇزۇنلۇقى تۆت مېتىر، كەڭلىكى 1.8 مېتىر، ئېگىزلىكى 1.4 — 1.3 مېتىر، قەبرە ئېغىزى بىر مېتىر ئېگىزلىكتە، 0.7 مېتىر كەڭلىكتە بولۇپ، قەبرە ئىچىدە بىر تال ئادەم سۆڭىكى بار. يارلىق ئەتراپىدىن ئادەم سۆڭىكى ۋە ساپال پارچىلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

زاراتگاھلىقىنىڭ غەربىي شىمالىدىن يىراق بولمىغان جايدا كىشىلەر ياسىغان كونا بىر ئۆي بار. ئېگىزلىكى ئىككى مېتىر، قالدۇق ئۇزۇنلۇقى ئۈچ مېتىر، كەڭلىكى 2.5 مېتىر، زاراتگاھلىقىنىڭ يېنىداتىك غار ئۆڭكۈر بولغان. بۇ زاراتگاھلىق تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت دەپ قارالماقتا، قېزىش خاراكتېرلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلمىغان.

## سوبوكتىگىن مازىرى

سو بوكتىگىن مازىرى ئوپال تەۋەسىدە بولۇپ، يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 0.9 كىلومېتىر كېلىدۇ. شىمالىي ئاي ئىركىچىلغىسىغا يېقىن. دېڭىز يۈزىدىن 1410 مېتىر ئېگىز. ئېنىق ئورنى: $E39^{\circ}17'35''$ $N75^{\circ}32'36''$ كۆلىمى يەتتە كۋادرات مېتىر بولۇپ، مىلادى 10 ـ ئەسىرگە توغرا كېلىدۇ. مازار ناھايىتى بۇزۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، تەبىئىي ھالدا ئۈستىدىكى گۈمبىزى ئۆرۈلۈپ كېتىپ، يالغۇز قەبرىلا قالغان، قەبرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3.5 مېتىر، كەڭلىكى 1.5 مېتىر، قەبرە ئىككى قەۋەت پەلەمپەي ئۈستىدە، بىرىنچى پەلەمپەينىڭ ئېگىزلىكى يەتتە مېتىر، مازارنىڭ تۆت ئەتراپى ھازىرقى زامان زاراتگاھلىقى.

تېكىن — شاھزادە ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ كىشى قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىنىڭ بىر سەردارى ئىكەن. بىزدە بۇ كىشى ھەققىدە تولۇق تەزكىرە يوق.

# تېرىم يېزىسىدىكى تارىخىي ئىزلار توغرىسىدا

## ئەسقەر توختى

تېرىم يېزىسى — تاشمىلىق يېزىسىدىن بۆلۈنگەن بىر كىچىك يېزا بولۇپ، يېزىمىزدا «قىلىچ بۇغرا مازىرى» كەنتى، تام ۋاران - خارابە ئىزى، «ئاقتام» خارابىسى، «تۇتكۆل» كەنتى، «يېيىلغان مەھەللىسى» دەپ ئاتىلىدىغان ئورۇنلار بار.

مەن ئوقۇش ۋە خىزمەت جەريانىدا ئوقۇغان تارىخىي كىتابلاردىكى قاراخانىيلارنىڭ پادىشاھلىرى توغرىسىدىكى مەلۇماتلارغا باغلاپ، دادام توختى غوجى، (1933 — 1993) يۇقىرىدىكى ئورۇنلارنىڭ نامىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى سورىغانىدىم.

دادامنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، چوڭ دادام موللا ئېبلى موللام (1879 — 1941) مۇنداق دەپ چۈشەندۈرگەنىكەن:

### قىلىچ بۇغراخان مازىرى

قاراخان سۇلتانى سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىنى كېڭەيتىۋاتقان مەزگىلدە قەدىرخان بۇغرا ئىسىملىك ماھارەتلىك، چەبدەس، غالىب بىر سەركەردە ئۆتكەنىكەن. ئۇ كىشى راستچىل، جەڭدە كەسكىن ۋە غالىپ بولغانلىقى ئۈچۈن «قىلىچخان» دەپ ئۇنۋان ئالغانىكەن.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ زاتنىڭ نامى قىلىچ بۇغراخان دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپتۇ. قىلىچ بۇغراخاننىڭ لەشكەرلىرى هازىرقى «يۇلغۇن بۇغرا» كەنتىنىڭ شىمالىي ـ ئوپال هۆلجىگدە كەنتىنىڭ جەنۇبىي ئارىلىقىدىكى ئون كىلومېتىر ئارىلىقتىكى ساينى كېسىپ شەرق ـ جەنۇب تامان ئاقىدىغان گەز دەرياسىنىڭ بويىدىكى يۇلغۇنلۇققا ئورۇنلاشقان ئىكەن. ئۇلار بۇ يەردە ھەربىي قەلئە، ھەربىيلەر سارىيى، ھەربىيلەر ياتىقى، سەركەردىلەر سارىيى، باغ، ھەربىي ئاتلار ئۇچۇن ئېغىل، قوتان ... قاتارلىقلارنى بەرپا قىلغان ئىكەن. بىرقېتىم چوڭ يېغىلىق بولۇپ ھۇشۇ سايدىن بۇلاقسۇ يېزىسىنىڭ قىز كەنتى تەرەپكە قاراپ قاچقان دۈشمەننى ئات سېلىپ قوغلاۋاتقاندا، قىلىچ بۇغراخانغا زەھەر بىلەن سۇغۇرۇلغان يا ئوقى تېگىپ، شېھىت بولۇپتۇ. جەڭ غەلىبىسىدىن كېيىن لەشكەرلىرى قىلىچ بۇغراخاننى يۇلغۇنلۇق ئارىسىدىكى بىر تۆپىلىككە دەپنە قىلىپ، 40 كۈن هازىسىنى ئاچقان ئىكەن. شۇنىڭدىن بۇيان بۇ مازار ھېيت ـ ئايەم كۈنلىرىدە خەلقنىڭ تاۋاپ گاھى بولۇپ كەلمەكتە.

## يۇلغۇن بۇغرا مازىرى

بۇ هازىرقى تېرىم يېزا 1 ـ كەنتىنىڭ نامى بولۇپ، بۇ ئىسمىنىڭ كېلىپ چىقىشىمۇ يۇقىرىقى تارىخىي ۋەقەلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك. قىدىرخان قىلىچ بۇغراخان يۇلغۇنلۇقتا ھەربىي گازارما بىنا قىلىپ قوشۇن تۇرغۇزغاندىن كېيىن، ھەيلى ئۇ ھايات ۋاقتىدا، ھەيلى

ۋاپات بولۇپ يۇلغۇنلۇقتا دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن ئۇ-نىڭ ئۆزىگە ئورۇن، دەرىجە ۋە شان - شۆھرىتىگە غەل-بە، دۆۋلەتچىلىك ئىشىدا قىلغۇچى ئۇرۇق - تۇغ-قان، قوۋم - قېرىنداشلىرى، دوست - بۇرادەرلىرى، ئاۋام ئىخلاسمەنلىرى يىراق - يېقىندىن ئىزدەپ كې-لىشىپ قىلىچ بۇغراخان قەيەردە؟ دەپ سورۇشتۇرۇپ، «يۇلغۇنلۇقتا» دېگەن جاۋاب تېپىپ، سالام بې-رىپ، ئىخلاس بىلدۇرۇپ، پاتىھە ئوقۇپ ياكى كېيىنرەك-تە قۇرئان-تىلاۋەت قىلىپ قايتىشقان. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىسىم شەكىللەنگەن.

## تام - ۋاران

قىلىچ بۇغراخان لەشكەرلىرى تۇرغان سارايى، قەلئە، ھەربىي ياتاق، ھەربىي ئاتلار بېقىلىدىغان ئېغىللار، سويۇپ يەيدىغان قوي، قوتازلارنىڭ تام خارابىلىرى ئۆلار ئاپىرىدە قىلغان باغ - ۋارانلارنىڭ ئىزلىرى ھېلىمۇ ھەم مەۋجۇت، يېرىم خەلقى شۇ ئىز-لارنى تام-ۋاران دەپ ئاتاپ كەلمەكتە.

## تۆتكۆل

قىلىچ بۇغراخان لەشكەرلىرى ۋە ئات - ئۇلاغ چارۋىلىرى گەز دەرياسىنىڭ لاي سۈيىنى ئىچىپ كېسەل بولۇپ كەتكەندە، سۈزۈك سۇ ئىچىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىش ئۈچۈن ھازىرقى تۇتكۆل كەنتى دائىرىسىدە تۆت يەرگە كۆل چاپتۇرغانىكەن، شۇنىڭ بىلەن بۇ كەنتنىڭ نامى تۆتكۆل بولۇپ قالغانىكەن.

# ھەزرىتى موللام مەقبەرىسىنىڭ مەھمۇد قەشقىرى مەقبەرىسى ئىكەنلىكىنى بېكىتىش جەريانىدىن بىر ئەسلىمە

ئىسمايىل ئىبراھىم

«تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ نەشىر قىلىنىپ پۈتۈن جامائەتچىلىكىنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىغان كۈنلەر ئىدى. 1982 - يىلى 4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئەتىگەندە ئوپال قۇمباغ كەنتىدىن پېشقەدەم مائارىپچى قاسىم رېھىم كىرىپ كەلدى. ھال-ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن:

— سىلىنىڭ ۋاقىتلىرى يەتسە، مەن بىر مۇھىم ئىشنى سىلە بىلەن مۇزاكىرىلەشمەي، دېگەنىدىم دېدى

مەن قولۇمدىكى ئىشنى توختىتىپ:

— قانداق ئىش ئىدى دېدىم.

قاسىم رېھىم يۆتىلىپ، ھاسىراپ كەتتى. مەن:

— سالامەتلىكلىرى ياخشى ئەمەس ئوخشايدۇ، — دېدىم.

— شۇنداق يۆتىلىم ئۆپكەمنى پۈلەپ ھالىمنى قويمايۋاتىدۇ. ۋاقىتلىرىنى ئالماي، گېپىمنى دەي، — دەپ سۆز باشلاپ، سومكىسىدىن مەھمۇت قەشقىرىنىڭ 1 - تومىنى ئېلىپ، بۇنىڭدا ئوپال مېنىڭ يۇرتۇمنىڭ نامى دەپتۇ، يەنە بىر جايدا ئازىق بىزنىڭ يۇرتىنىڭ نامى دەپتۇ، بۇنى ئوقۇغاندىن كېيىن سىلىنى ئىزدەپ كەل-

دىم. ھەزرىتى موللام مەقبەرىسى چوقۇم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ مازىرى ئوخشايدۇ، بۇنىڭغا مېنىڭ ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن مۆھۈرلۈق خەتلا ئىسپات بولالايدۇ.

1940 - يىلى قەشقەر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەۋقاپ مۇدىرى ئابدىرىشىتئاخۇن ئوپالغا چىقىپ ۋەخپە زېمىنلارنى ئېنىقلاش، ئىجارىگە بېرىش خىزمىتىنى ئىشلىگىلى باشلىدى. بىر كۈنى مەن ئۇ كىشىنى باشلاپ سۆسەر ئاغزىغا بېرىپ، غوجا سەييىدىن بۇزرۇكۋارلىرىم مازارىنىڭ ۋەخپىسىنى ئېنىقلاشقا كىرىشتۇق. شۇ ۋاقىتتا مەتنىكام دېگەن كىشى ئۆيىدىن بىر پارچە مۆھۈرلۈق خەتنى ئېلىپ چىقتى. ئۇنىڭدا مۇنداق يېزىلغانىكەن:

«ئازىق مەھەللىسىقا تارتېرەك ئېرىقىدىن سۇ كىرىدىغان بەش پاتمان يېرىمىنى (بىر پاتمان بىر يېرىم موغا توغرا كېلەتتى) غوجا سەييىدىن بۇزرۇكۋارلىرىمغا ۋەخپە قىلدىم. چىراغ يېقىش، نەزىرە - نۇزرەتلىرىگە ئىشلەتسۇن»، دېيىلگەنىكەن. بۇ زېمىن ئوپال لەڭزە ئەتراپىغا توغرا كېلەتتى، مۇشۇنىڭغا قارىغاندا، ئازىق مەھەللىسىمۇ ئوپالدا، مەھمۇت قەشقىرى ئوپالدا تۇغۇلغان، ئوپالدا ۋاپات بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. سىلىنىڭ قاشلىرىغا كېلىشىم مەدەنىيەت يۇرتى مەدەنىي يادىكارلىقلار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، شۇڭا سىلە ۋاقىت چىقىرىپ بارسىلا بىز ئىز قوغلاپ ھەزرىتى موللام شەيىخلىرى ۋە پېشقەدەم كىشىلەردىن سۈرۈشتۈرۈپ ماتېرىيال توپلىساق، بۇ ئالىمنىڭ مەقبەرىسى يورۇتۇلسا، مېنىڭ كېسەللىمۇ خېلىلا ئېغىر، ۋاقتىممۇ ئاز قالدى.

كۆزۈمنىڭ ئوچۇقچىلىقىدا ئىزدەنسەك دەيمەن، ـ دېدى. بۇ سۆز ماڭا چوڭقۇر تەسىر قىلدى.

ئەتىلا ئىشنى ئورۇنلاشتۇرۇۋېتىپ بارايلى دېدىم.

قاسىم رېھىم يۆتەلگىنىچە چىقىپ كەتتى. مەن ئۇزىتىپ قويدۇم. ئەتىسى مەن مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ ئوپالغا باردىم. قاسىم رېھىم تەكىي تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ تەسلىكتە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئېشەك هارۋىسىنى قېتىپ چىقتى.

ئىككىمىز هەزرىتى موللامغا بېرىپ باۋۇدۇن قارىم (ئاتا-بوۋىسى شەيخ)، ئوسمان قارىم، مەتىر رېھىم شەيخ قاتارلىق ئونندەچچە ئادەمنى باۋۇدۇن قارىمنىڭ ئۆيىگە يىغىپ سۆھبەت ئېلىپ باردۇق. قاسىم رېھىم: هەزرىتى موللامنىڭ ئىسمى نېمە؟ دەپ سورىدى. باۋۇدۇن قارىم: بۇ كىشىنى «هەزرىتى مەۋلانە شەمسىددىن ئەللامى» دەيمىز دېدى. مەن:

— هەزرىتى دېگەن ئۇلۇغ مەنىدە، مەۋلانە دېگەن ئۇنۋان، شەمسىددىن دېگەن قۇياش، ئەللامى دېگىنىمىز ئۇنۋان، زادى ئۆز ئىسمى نېمىدۇ؟ دېدىم. ئوسمان قارىم:

— دادام بۇ كىشىنىڭ ھۆسەيىن بىننى مەھمۇد دېگىنى ئېسىمدە، ـ دېدى. باۋۇدۇن قارىم بىر كىتابىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ:

— بۇ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان تەزكىرىسى ئىكەن، بۇنىڭ بۇ يېرىدە ئاقدالا قەدىمكى شەھىرىنى ئەلشىھرام دەپتۇ، مۇشۇنىڭدا ھۇسەيۇن بىننى مەھمۇد دېگەن ئىسمىنى ئۇچراتقانىدىم، ـ دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىز شۇلارنىڭ ئېگىسىنى ئىزدەپ، راستلىغىلى قول قويدۇرۇپ ئۇ جايدىن يېنىپ، سۈسەر ئاغزىدىغا كەلدۇق. 97 ياشلىق مەمەتكام بىلەن كۆرۈشتۇق.

بىز مۇشۇ جاينىڭ قەدىمكى ئىسمى نېمە؟ - دەپ سورىدۇق. مەمەتكام:

— ماۋۇ مارجان بۇلاقنىڭ سۈيى ئاقىدىغان ئېرىقنى «قاتار تېرەك» ئېرىقى دەيمىز، مەن 6 - 7 ياش ۋاخلىرىمدا دادام «ئوغلاقنى ماۋۇ ئازىق دارىسىقا ئېلىپ كىرمەمگىن، ئۆلكە يەپ كېتىدۇ، ئىلگىرى شۇنداق بولغان» دەيتتى. مۇشۇ جايدا ئىلگىرى كاتتا ئىمارەتلەر، يېپقا تىزغاندەك قاتار تېرەكلەر، كۆركەم باغ، چىرايلىق بوستانلار بار ئىكەندۇق. بۇ جاينى ئازىق مەھەللىسى دەپ ئاتايتتى، - دېدى. بۇ كىشىنىڭ سۆزىنى يېزىپ ئايىغىغا قول قويدۇردۇق.

ئەتىسى ئېشەك ھارۋىسى بىلەن كۆكچى 6 - دادۇيغا چىقىپ، مەدەت ئىمىن ئەمەت دېگەن كىشى بىلەن سۆزلەشتۇق. مەمەت ئىمىن ئەمەت:

— دادام ئۇستا خەتتات ئىدى، كىشىلەر ئەمەت موللام خەتتات دەپ ئاتايتتى. دادامنىڭ دېيىشىچە، ھەزرىتى موللام ئۇلۇغ ئادەم ئىكەن، ئۇنى «ئىلىمگە ھۆددىگار پىرىم» دەپ ئاتايدۇ، ئىلىم تەلەپ قىلىدىغانلار شۇ جايغا بېرىپ تۈنەپ، تەلەپ تەۋەججۇدا بولىدۇ، ھاي-ھاي تېرەكنى شۇ كىشى باغدىتتىن كېلىپ تىككەنىكەن. بۇ كىشى چەتتە نۇرغۇن بىلىم ئالغان ئالىم، ئىكەن دېيىشىدۇ. مەن

1930 ـ يىللىرى ئۆمەر دامۇللامدا تالىپ بولۇپ ئو-
قۇدۇم. بۇ كىشى بۇخارادا بىلىم ئالغان ئىكەن. بىر
كۈنى ئوتتۇزغا يېقىن تالىپنى ئېلىپ چىقىپ ھەزرى-
تى موللامنىڭ ھۇجرىسىدا تۈنىدى، ئۆزى كېچىچە ئى-
بادەت بىلەن بولدى. ئەتىسى نورۇز بۇلاققا ئاپىرىپ
نەزمە تۈزدۇق، نەزمىمىزنى بۇلاققا تاشلاپ، ئايىغىدىن
سۇ ئىچتۇق. بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى دامۇللامدىن سورى-
دۇق. ئۇ كىشى باشتىن دەي دەپ «ھەزرىتى موللام»
دېگەن مازار ھوسۇيىن ئىبنى مەھمۇد دېگەن ئۇلۇغ
ئالىمنىڭ مەقبەرىسى، ئۇ كىشى«مەدرىس مەھمۇدىيە»
دە نۇرغۇن تالىپلارنى ئوقۇتقان. ھەر يىلى نورۇز
ئېيىدا تالىپلىرىغا نەزمە تۈزدۈرۈپ نورۇز بۇلاققا
ئەكىلىپ سۇغا تاشلاپ ئايىغىدىن ئىچىدىكەن. شۇڭا
ھەممە ئادەم ئۇ كىشىنى «ئىلىمگە ھۆددىگار پىرىم»
دەپ ئاتاپ كەلگەن. بىز بۈگۈن شۇ كىشىنى سېغىنىپ
شۇ كىشىنىڭ يولى بويىچە ئىش قىلدۇق. «ئاۋۇ كۆرۈن-
گەن مازار خوجا سەيپىدىن بۇزرۇكۋار دېگەن شۇھەز-
رىتىمنىڭ چوڭ دادىسى بولىدۇ، قاسىم قازاخۇنۇمنىڭ
ئىشىكى ئالدىدىكى بۇرابىيە بىسرىم دېگەن مازار ئالىمنىڭ
ئانىسىنىڭ مازىرى، بۇ زاتنىڭ دادىسى ھوسۇيۇن بىننى
مۇھەممەت قەشقەرىدىكى ئوردىدا كاتتا ئەمەلدار ئى-
كەن. سىلەر ئىلىم ئىزلىگەنلەر بۇ كىشىنى ياد ئېتىپ
تۇرۇڭلار، دېگەنىدى دېدى ھەم ئۆز قىلىمى بىلەن سۆزىنىڭ
ئايىغىغا ئىمزاسىنى قويدى. دىلىمىز يورۇپ، ئىشەن-
چىمىز ئېشىپ، ھەزرىتى موللامنىڭ تەزكىرىسىنى ئىز-
دەپ ئون نەچچە كۈن قاسىم رەھىم بىلەن ھۆل جىگدە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قاراباش، يارغۇ، دوغلات قاتارلىق كەنتلەردە 40 يېقىن ئادەم بىلەن ئۇچرىشىپ، پېشقەدەملەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدۇق. بەزىسى «ھەزرىتى موللام ئەجدىھانى ئۆلتۈرگەن پالۋان ئىكەن، ئوپال يۇرتىنى بالا قازادىن ساقلاپ قاپتىكەن. ھازىر ئەجدىھا غارى مانا مەن دەپ ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. ئەجدىھانىڭ ئۆلۈكىنى يانتاق توپلاپ كۆيدۈرۈۋەتكەنىكەن. شۇڭا غارنىڭ ھەممە تەرىپى ئىس بىلەن قاپلانغان» دېيىشتى، بەزىسى «ئەجدىھانى ھەزرىتى موللامنىڭ شاگىرتى ئىمام مالىك ئەكبەر بىلەن ئىمام مالىك ئەسقەر موللامدىن رۇخسەت ئېلىپ ئۆلتۈرۈپتىكەن» دېيىشتى.

ئوپال كۆكچى 6- كەنتتىن توختى ئىمام: ئاخۇنۇممەن تەزكىرىسىنى ئوقۇغان، يۇقىرىقى سۆزلەر ئېنىق يېزىلغىنى راست، دەپ قوشۇمچە قىلدى. قۇمباغ 7- دادۈيدىن مۇسا ئەمەت: بىر دانە تاشقا ئويۇلغان خەت بار ئىكەن، مۇللامېيىغى 5 - دادۈينىڭ سېكرېتارى ياقۇپ ئېيسا ئوقۇغانىكەن. ئۇنىڭدا: «ھۆسەيىن ئوغلى مەھمۇد قەشقەرى، دەپ يېزىلغانىكەن، شۇ تاشنى تاپساق تېخىمۇ روشەن بولاتتى» دېدى.

بىز قاسىم رەھىم بىلەن ئېشەكھارۋىسىدا مۇللامېيىغى 5-دادۈيگە بېرىپ، ياقۇپ ئەيسانى تاپتۇق، خەت ئويۇلغان تاشنى كۆرگەن جايدا شودۇيجاڭمۇ بار ئىدى، دېدى. سېكرېتار شودۇيجاڭنى چاقىرىپ تاشنى كۆرسىتىشنى تاپىلاپ بىزگە قوشتى، قاسىم رېھىم ۋە مەن شودۇيجاڭ بىلەن تاشنى بىر كۈن ئىزدىدۇق. تاشنىڭ ئورنى بار بولۇپ، تاش يوقالغان. سېمونت زاۋۇتىغا تاش توشىغانلار ئېلىپ كەتتىمۇ يا ؟

دېدى. بىز قايتىپ كېلىپ شۇ ۋاقىتتا تاش توشۇغانلارنى يىغدۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن قۇربان ئىسمىلىك بىر ياش: «مەن بىر كۈنى كېيىن قاپتىكەنمەن، خەت ئويۇلغان تاشنى ئېلىپ بېرىپ، ۋەزىپە ئورۇنداشنى ئويلاپ، ئۇ تاشـ نى مىدىرلىتالمىدىم، خەتنىڭ بەزى قىسمى ئۇۋۇلۇپ مەنىسىنى يوقاتقان. ھۆسۇيۇن ... مەھمۇد قەشقەرى مەۋلانە ... دېگەن خەتلەر ئوچۇق ئىكەن، تۆت كىشى ئاـ ران ھارۋىغا ئالدۇق، كېيىن شۇ تاشنى ئۆز پېتى تام ئۇلىغا بېسىپ سېمونت قويدۇق، ئۇ تاش تامنىڭ ئۇلىدا بار دېدى. مەن شۇ دۈيجاڭ ۋە تاشچىنى ئېلىپ سېمونت زاۋۇـ تىنىڭ قورۇسىغا باردۇق. تاشنى باسقان جاي قۇرۇـ لۇشنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ئىكەن. ئېلىشقا توغرا كەلسە، ساق ئېلىشقا كۆزۈم يەتمىدى. چۈنكى ئۈستىدىن سېمونت قۇيۇلغان بولۇپ ئېلىشقا مۇمكىن بولمىدى، ئامال بولماي كۆرگۈچىلەردىن ئىسپات ئالدۇق. كەنتـ مۇـكەنت ئىزدەپ يۈرۈپ تەزكىرىنى تاپالمىدۇق.

1958ـ يىلى ھۆلجەگدە 11ـ كەنتتىن مەمەت چوگىنىڭ ئۆيىدىن بىر تەزكىرىنى تاپقان بولسىمۇ ئاپتونوم راـ يونلۇق بوۋۇگۈەنگە ئېلىپ كېتىلگەنىدى.

ئوپال كۆكچى 6 ـ دادۈيدىن مەمتىمىن ئىمەت، موللام بېغى 5ـ دادۈيدىن ئايىمنىسا مەمەت قاتارلىقـ لارمۇ نۇرغۇن ماتېرىيال، پاكىتلار بىلەن تەمىنلىدى.

مەرھۇم قاسىم رەھىمنىڭ ئىلگىرى قانچە ئۇزۇن ئىزدەنگەنلىكىنى مەن بىلمەيمەن، كېيىن ئۇ مەن بىـ لەن بىر يىلدىن ئارتۇق ئىزدىنىپ، نۇرغۇن جاپاـرىـ يازەت چەكتى. ئاخىرى قولىمىزدىكى ماتېرىيالنى —

مەمەت زۇنۇن سىدىق (قەشقەر ۋىلايەتلىك ئارخىپ ئولوگىيە ئورنىنىڭ مەسئۇلى) غا دوكلات قىلدۇق. مەمەت زۇنۇن ئىككى نەپەر كادىرنى ھەمراھ قىلىپ، ئۆزى بىر قېتىم تەكشۈردى. ئاخىر شۇ ۋاقىتتىكى مۇئاۋىن ۋالىي ئەيسا شاكىرغا دوكلات قىلدى. ئەيسا شاكىر بۇنى قوللاپ تېخىمۇ چوڭقۇر تەكشۈرۈش توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بەردى. بۇ ۋاقىتتا قاسىم رەھىمنىڭ كېسەلى ئېغىرلىشىپ كەتكەچ ئورنىدىن تۇرالمىدى. بۇ دوكلاتنى باش ۋالىي مامۇتوپ ئاڭلاپ قوللىدى ۋە مۇھىم يوليورۇق بەردى. شۇ يىلى قاسىم رەھىم ۋاپات بولۇپ كەتتى. ئۇ، جان ئۈزۈش ئالدىدا «مەھمۇد قەشقەرىنىڭ مەقبەرىسى ئەمەلىيلىشىپ كەتسە، خاتىرجەم ياتاتتىم» دېگەنىدى.

شۇ يىلى — 1982 - يىلى 10 - ئايدا «تۈركى تىللار دىۋانىنىڭ 2 - تومى» نى ئىشلەش ئۈچۈن ئىبراھىم مۇتئى، مىرسۇلتانلار قەشقەرگە كەلگەندە، ۋالىي مامۇتوپ ئەھۋالنى ئۇلارغا دېگەن، مەمەت زۇنۇن سىدىق ئەھۋالنى تەپسىلىي دوكلات قىلغان. ئۇلار كونىشەھەر ناھىيىسىگە چىقىپ ئوپالغا باردى. بىز سۆزلەشكەن پېشقەدەم كىشىلەرنى يىغىپ بىر كۈن سۆھبەتلىشىپ، بەزى ماتېرىياللارنى تولۇقلىدى. ئەتىسى ئۇلار قايتىپ كېتىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي مەمۇرىي مەھكىمىدە 25 كىشىلىك ئالىمۇ تەخەسسۇسلار يىغىنى چاقىرىلدى، ماتېرىيال بېكىتىلدى. چۈشتىن كېيىن ئىمىر ھەسەن قازى ئاخۇنۇم يىغىنغا كەلدى. ماتېرىيال، پاكىتلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇ ئۆزىدىكى «مەسنەۋى شەرىپ» دېگەن كىتابنىڭ ئىچىدە مۆھۈرلىك بىر ھۆججەت بار، كۆرۈپ

بېغىشلا، دېدى. ئۇ ھۆججەت بۇنىڭدىن 152 يىل بۇرۇن ئۆتكەن
قەشقەرنىڭ ئەلىمى موللا سادىق
ئەلەمدىنىڭ «مەسنەۋى شەرىپ» دېگەن كى-
تابىنى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ تۇپرىقىغا ھەدىيە قىلغان-
لىقى، «چەشمەزۇلال» قېشىدا ئولتۇرۇپ، توققۇز كىشىنىڭ
گۇۋاھلىقى بىلەن ئۆز مۆھۈرىنى باسقانلىقى قەيت قىلىنى-
غان ھۆججەت ئىكەن. بۇنىڭ بىلەن تەكشۈرۈپ بېكىتى-
شىمىزنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، ھەزرىتى موللام مەق-
بەرىسى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ مەقبەرىسى ئىكەنلىكى
پولاتتەك پاكىتلار ئارقىلىق ئېنىقلاندى.

يۇرتداشىمىز قاسىم رەھىم ھاياتىنىڭ ئاخىرى-
دا كېسەل ئازابىنى يېڭىپ، ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەش-
قەرىنىڭ مەقبەرىسىنى بېكىتىشتە ئاجايىپ ياخشى
خىزمەت كۆرسەتتى، مەرھۇم قاسىم رەھىمنىڭ بۇ تۆھ-
پىسى مەڭگۈ قەدىرلەشكە، ھۆرمەت قىلىنىشقا ئەرزىيدۇ.

# ئازادلىق ئەرپىسىدە توققۇزاق خەلقىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئاجايىپ پاجىئەلىك ۋەقەلەر

ئابدۇرېھىم رازى (پېشقەدەم مائارىپچى)

ئەكسىيەتچىل مۇستەبىت پۈرسەتپەرەس شىڭ شىسەينىڭ ئۆزىنىڭ «ئىلغار» لىق چۈمپەردىسىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئەسلى ماھىيىتىنى ئاشكارىلاپ، 1943 ـ يىلى سۇڭ مەيلىڭنىڭ تەشەببۇسى بىلەن جاڭجېشىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ، شىنجاڭدىكى 12 يىللىق فاشىستىك زوراۋانلىقى ۋە قىرغىنچىلىقىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، نەنجىڭغا كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىشلىرى گومىنداڭ پارتىيىسى، ھۆكۈمىتى ۋە ئارمىيىسىگە قالدى. شىڭ دەۋرىدىمۇ ئېشىپ چۈشكەن زۇلۇم ـ سىتەم، ئازاب ـ ئوقۇبەت شىنجاڭ خەلقىگە بىرلا چىقىش يولى قالدۇردى. ئۇ، بولسىمۇ ئىنقىلاب ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىنسان ۋە مىللىي قەدىر قىممەتلىرىنى ساقلاش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئەكسىيەتچىل زوراۋانلىققا، زۇلۇم ئىستىبداتقا قارشى ئىنقىلاب ئوتى پارتلىدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ زۇلۇمىنى زۇلۇم بىلەن داۋاملاشتۇرۇپ، ئىستىبداتى ۋەخەلق ئۈستىدىكى قىرغىن‑

چىلىقىنى ئىستىبداتلىق ۋە قىرغىنچىلىق بىلەن مۇس-
تەھكەملىمەكچى، ئىنقىلاب ئارقىلىق ئېچىپ تاشلانغان
ھېيلە-نەيرەڭلىرىنى يېڭى ھېيلە-نەيرەڭلەر بىلەن ياپ-
ماقچى بولدى. بولۇپمۇ «11 بىتىمدىن» كېيىن ئۆزى-
نىڭ ئەشەددىي ياۋۇزلۇقىنى «11 بىتىم» نى يىرتىپ
تاشلاش ئارقىلىق يېڭى - يېڭى سانسىز ياۋۇزلۇقلار بى-
لەن جىنايەتنامىسىنى مۇپەسسەل تولدۇردى. بۇنىڭغا
ئازادلىق ئەرپىسىدە يۇرتىمىز توققۇزاقتا يۈز بەرگەن
تۆۋەندىكى پاجىئەلەر مىسال بولالايدۇ.

## ئات سېلىقى

1946 - يىلىنىڭ ئاخىرى 1947 - يىلىنىڭ باشلى-
رى قىش پەسلى گومىنداڭچىلارنىڭ فاشىستىك قىر-
غىنچىلىقى زۇلۇم ئىستىبداتى ئەۋجىگە چىققان، ئال-
ۋاڭ - ياساق، ھاشار - سەيسىلەرنىڭ تورلىرىمۇ، قېتىم
سانىمۇ تازا كۆپەيگەن ۋاقىت ئىدى. ئاشلىق، ئوتۇن،
بىدە، سامان، پۇل... قاتارلىق سېلىقلارنىڭ قۇيرۇقى
ئۈزۈلمەيتتى. مانا شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە توققۇ-
زاق تەۋەسىدىكى ھەر بىر كەنتكە ئۈچ - تۆت تۇياقتىن
ئات سېلىقى چۈشتى. ھەر قايسى يۇرتنىڭ بەگ، يۈز
بېشى، بوجاڭلىرى سېلىق مىقدارىنى پۇلغا سۇندۇرۇپ،
خەلقنى قاقشىتىپ پۇل يىغىپ ئۆز چۆنتىكىنى تولدۇ-
رۇپ، قالغىنىغا قانچە تۇياق ئات سېلىقى چۈشكەن بول-
سا، شۇنچە تۇياق ئات سېتىۋېلىشىپ، توققۇزاق رايونلۇق
ھۆكۈمەت ئالدىغا 100 تۇياقتەك ئاتنى يىغىشقانى-
كەن، بۇ ئاتلارنى يېڭىشەھەردىكى گومىنداڭ ئارمى-
يىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىش ئورۇنلاشتۇرۇلغانىكەن.

توققۇزاقتىكى پاششەپ، مەرشەپ، يۈز بېشى، بوجاڭلار بىر نەچچە ئون بېشى، دوغىلارغا بۇئىتلارنىڭ بېچىسى (كۈندۈزى يولدا ئادەم كۆپ ھۆركۆپ كېتىدۇ، باشقۇرماق تەس دەپ قاراپ) ھەيدىتىپ، تەلۋىسچۈك دەرياسىدىن ئۆتكۈزۈپ، قىزىل دەرياسىنى ياقىلاپ پايتىما كۆۋرۈك بىلەن يېڭىشەھەردىكى گومىنداڭنىڭ ھەربىي رايونىغا ئۆتكۈزۈپ بېرەمەكچى بولىشىدۇ. بۇ ۋاقىتتا گومىنداڭنىڭ كونىشەھەر ۋە يېڭىشەھەردە تۇرۇشلۇق ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى ۋە ئەسكەر ساقچىلىرى تاشقورغان، ئوپال، تاشمىلىق، يېڭىشەھەر، يېڭىسار قاتارلىق جايلاردا ھەرىكەت قىلىۋاتقان تاغ ئىنقىلابچىلىرىدىن قورقۇپ، ھۆركۈكەك بولۇپ قالغان. كېچىلىرى شەھەر ئەتراپى، دەريا بويلىرى ھەتتا كوچا-مەھەللىلەرگىمۇ قوراللىق پوس قويۇپ خاتىرجەم ئۇخلىيالمايدىغان كۈنلەر بولۇپ، ئۆز-ئۆزىدىنمۇ قورقۇپ ھۆركۈپ، ئاما نىخۇدا ئۇخلىيالماس بولۇپ قالغانىكەن. دەريا بويى ۋە يول ئېغىز-ئاچاللارغا قويۇلغان گومىنداڭ ساقچىلىرى مۇنچىۋالا كۆپ ئاتنىڭ ئاياغ تىۋشىنى ئاڭلاپ ئوق چىقىرىشىپ بىر-بىرىگە بەلگە بېرىشىپ، «تاغلىق ئالتە ئوغرى» كەلدى، دەپ خەۋەر قىلىش ئۈچۈن شەھەرگە تىكىۋېتىدۇ. («گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تاغ ئىنقىلابچىلىرىنى تاغلىق ئالتە ئوغرى» دەپ ئاقارەت قىلىشاتتى) پۈتۈن بىر كېچە كونىشەھەردىكى ھەربىي ۋە مەمۇرىيلىرى قورقۇپ پاراكەندە بولىشىدۇ.

بىرەر ئادەم، بىرەر ئاتقا ئۈچ تېگىشتەك ئەھۋاللار

يۈز بەرمەي ئاتلار ئەتىسى ئەتىگەندە يېڭىشەھەر-
دىكى گومىنداڭ ھەربىي رايونىغا تاپشۇرۇلىدۇ. لېكىن
شۇ بىر كېچىلىك پاراكەندىچىلىك گومىنداڭ ھۆكۈمى-
تى ۋە ئۇنىڭ قۇراللىق كۈچىنىڭ نامى-ئەھۋالۋە«قۇد-
رىتىنى» خەلق-ئالەمگە پاش قىلىپ قويدى.

## بۇلاڭ - تالاڭ

ئازادلىق ئەرپىسىدە قەشقەردىكى گومىنداڭ ھەر-
بىي ئەمەلدارلىرى شۇ دەرىجىدە چىرىكلىشىپ كېتىدۇ-
كى، ئەسكەرلەرنىڭ تەمىناتى ۋە مائاشىغا چاڭ سېلىپ
يانچۇقىنى توملاش بىلەن بولۇپ كېتىدۇ. ئەس-
كەرلىرى بىلەن چاتىقى بولمايدۇ. گومىنداڭ ئەسكەر-
لىرى ئىككى-ئۈچتىن بىرلىشىۋېلىپ، كېچىلىرى گا-
زارمىدىن چىقىپ يېقىن ئەتراپتىكى بىچارە دېھقان-
لارنى بۇلاپ - تالايدۇ.

1949 - يىلى 9 - ئايلاردا يېڭىشەھەردىن بۇ-
لاڭچىلىققا چىققان بىر بۆلۈك گومىنداڭ ئەسكەرلىرى
توققۇزاق سايباغ يېزا تۆۋەنكى مەنگەن كەنتى تۆگمەن-
بېشى مەھەللىسىگە كېلىپ، بىر نەچچە ئۆينى بۇلىغان.
قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنى ئۇرۇپ ھەتتا ئېتىپ ئۆلتۈر-
گەن. مەسىلەن: تۆگمەنبېشى مەھەللىسىدىن سىدىقا-
خۇن سامساپەز دېگەن كىشى بۇلانغانلارغا يان بېسىپ
قارشىلىق كۆرسەتكەندە ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

تۆۋەندە پاكىت ئۈچۈن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئې-
تىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن سىدىقاخۇن ئۇستامنىڭ ئوغلى مە-
مەت سىدىق (ھازىر ناھىيىلىك 3 - ئوتتۇرا مەكتەپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئوقۇتقۇچىسى) نىڭ ئىسپات ماتېرىيالى قوشۇمچە قى-
لىندى.

مەرھۇم دادام سىدىقاخۇن سامسپەز ئۆلۈمى توغ-
رىسىدا ئانام ۋە باشقا ئۇرۇق - تۇغقانلاردىن ئاڭلى-
غانلىرىم:

1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى گومىنداڭ-
نىڭ بىر بۆلۈك قوراللىق ئەسكەرلىرى (بىرپەي بول-
سا كېرەك) يۇرتىمىز سايباغ يېزا تۆۋەندىكى ھەنگەن
14 - دادۇي 11 - مەھەللە (تاز قوغان)، 12 - مەھەل-
لە (تۆگمەنبېشى) گە بىگۇناھ پۇقرالارنى بۇلاڭ - تا-
لاڭ قىلىش مەقسىتىدە كەلگەنىكەن. كەچ سائەت ئون-
لار بىلەن مەسىدىق مەتتاھ (مالىيە نازارىتىدىكى ئاب-
لىز چۇجاڭنىڭ دادىسىنىڭ ئۆيى) ئابدۇرېھىم قارىقا-
تارلىق كىشىلەرنىڭ ئۆيىنى بۇلىغانىكەن. ئابدۇرې-
ھىم قارى دېگەن ئادەم دادامنى «بىزنىڭ ئۆينى بۇلاپ
قۇرۇقداپ قويدى، چىقىپ ماڭا ياردەم قىلساڭلار» دەپ
ئېلىپ چىقىپ كەتكەنىكەن. گومىنداڭ ئەسكەرلىرى دا-
دام ۋە باشقا ئۇرۇق-تۇغقانلارنى تۇتىۋېلىپ ئۇرغان ۋە
بىزنىڭ تۆگمەنگە سولىۋېلىپ ئۇرۇپ سوراق قىلغان.
دادامنى ئۇرۇپ قىيىنىغانىدا دادام تۆگمەندىكى كەكە
بىلەن گومىنداڭ ئەسكىرىنى چانىغانىدا دادامغا ئوق
چىقىرىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنىكەن. مەھەللىمىزدىكى چوڭ -
كىچىك كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگەندەك قوناقلىققا
مۆكۈپ يۈرگەنىكەن. تۇتىۋالغان بىرقىسىم كىشىلەر-
نى باغلاپ شۇ چاغدىكى توققۇزاق قورچاق ساقچى ئى-
دارىسىغا سولاپ ئۆلگىدەك ئۇرغان. دادامنىڭ ئىنىسى

ئابدۇللا ئېلىنى شۇچاغدا قاتتىق ئۇرغانلىقتىن دۈمچەك بولۇپ قالغان. (بۇ كىشى 1994 - يىلى 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئۆلۈپ كەتتى).

دادام ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن چوڭ ئانامۇ مېنىڭ بالام دېيەلمەي «بۇ بالىنىڭ ئاتا ئانىسى يوق يېتىم بالا ئىدى. ئىت يالاپ قويمىسۇن دەپ قېشىمدا ساقلاپ ئولتۇردۇم» دەپ قويغان. مېنىڭ بالام دېسە، چوڭ ئانامنىمۇ ئۆلتۈرىۋەتكەن بولاتتى.

يەر ئىسلاھاتى ۋاقتىدا بىزنىڭ دادىمىزنى گومىنداڭنىڭ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى ئېتىبارغا ئېلىپ بىزنىڭ ئائىلىگە بىر قاپ گۈرۈچ، بىر توپاق موزاي قاتارلىقلارنى مېۋە قىلىپ تەقسىم قىلىپ بەرگەنىكەن.

بىزنىڭ ئۆيىنىمۇ بۇلاپ سەككىز قوي، كېيىم-كېچەك، گۈرۈچ قاتارلىق نەرسىلەرنى بۇلاپكەتكەن. مەن شۇ چاغدا ئۈچ ياشتا بولغانلىقىم ئۈچۈن كۆپ نەرسىلەرنى بىلمەيمەن. پەقەت ئانامدىن ئاڭلىغانلىرىمغا ئاساسەن شۇنچىلىكلا ماتېرىيال يازالىدىم.

# سوۋېت گىراژدانلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش ۋەقەسى

ئىسمايىل ئورايىم، ئابدۇرېھىم رازى

«11 بىتىم» ئىمزالىنىپ مىللىي بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ناھىيىلەردە ئومۇمىي سايلام ئېلىپ بېرىلىپ، ھاكىمىيەت تەرتىپكە سېلىندى. بىتىم بويىچە سىياسىي مەھبۇسلار قويۇپ بېرىلدى. لېكىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمىتى «بىتىم»گە چېكىلگەن ئىمزاسىنىڭ سىياسىي قۇرۇماي تۇرۇپلا «بىتىم» نى يىرتىپ تاشلاپ، ئۆزىنىڭ ساختا قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ، ھەر مىللەت خەلقى ئۈستىدىكى زۇلۇم ئىستىبدادىنى كۈچەيتتى، بولۇپمۇ قەشقەر شەھىرىدە ئىلگىرى «بىتىم» بويىچە قويۇپ بېرىلگەنلەرنى يوقىلاڭ باھانە سەۋەبلەر بىلەن يەنە تۇتقۇن قىلىشقا باشلىدى. بولۇپمۇ ئىنقىلابى كەيپىيات تىتىكى سوۋېت گىراژدانلىرى ئۈستىدىكى ئىسكەنجە يەنىمۇ كۈچەيدى. قانۇنسىز ئاختۇرۇش، قانۇنسىز نەزەربەنت قىلىش، قانۇنسىز قولغا ئېلىش، قانۇنسىز قىستاپ ئىقرار قىلدۇرۇش، ئىز ـ تىۋىشسىز ئۆلتۈرۈپ يوقىتىش ئەھۋاللىرى ئەۋج ئېلىپ كەتتى. جەمئىيەتنى ۋەھىمە قاپلىدى. زىيالىيلار ئۈستىدىكى بېسىم ۋە نازارەت كۈچەيدى. بىر قىسىم ئىنقىلابىي زىيالىيلار، جۈملىدىن ئىلغار ۋە ئىنقى-

لابىي كەيپىياتتىكى سوۋېت گىراژدانلىرى غۇلجىغا ،
سوۋېت ئىستىتىپاقىغا قاچىدىغان
ئەھۋاللار يۈز بەردى. 1947- يىلى كۈزدە قەشـ
قەر شەھىرىدە ئۆلتۈرۈشلۈق ئابدۇسالام ، قوشقارباي ،
تۆردىخان، بەگمەت، خالمەت قاتارلىق 13 نەپەر كىـ
شىنىڭ ئۆلتۈرۈلىشى يۇقىرىدىقى سۆزلىرىمىزنىڭ پاكىـ
تى بولالايدۇ. ھازىرقى قەشقەر شەھىرى شامالباغ يېزا 1-دا-
دۈي تەۋەسىدىن جۈمە (لەقىمى - پوقچى) گومىنداڭنىڭ
ئىشپىيونى بولۇپ، ئۇ سوۋېت كونسۇلخانىسىغا
كىملەرنىڭ كىرىپ چىققانلىقىغا نازارەت
قىلىدىغان ئايغاقچى ئىكەن. جۈمە پوقچى يۇقى-
رىدا ئىسمى ئېيتىلغان كىشىلەرنىڭ كونسۇلخانىغا
كىرىپ چىققانلىقىنى گومىنداڭ ساقچى ئورگىنىغا خە-
ۋەر قىلىدۇ. گومىنداڭ ساقچى ئورگىنى ئۇنىڭغا نازا-
رەتنى كۈچەيتىش توغرىسىدا يوليورۇق بېرىدۇ. شۇ-
نىڭ بىلەن جۈمە پوقچى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قارا
كۆرۈنۈپ ئەگىشىپ نازارەت قىلىدۇ. بىر كۈنى ئابدۇسا-
لام باشلىق 13 نەپەر ئادەمنىڭ كونسۇلخانىدىن چىقىپ
قۇمدەرۋازىسى تەرەپكە ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ
پېيىگە چۈشىدۇ. ئۇلار قۇمدەرۋازىدىكى بىر دەڭگە كىـ
رىپ، ئىككى دانە ئاتنى ئېلىپ قوللىرىدىكى خورجۇن-
قاچىلىرىنى ئاتقا يۈكلەپ، پاختەكلە بىلەن قىزىل
كۆۋرۈكى تەرەپكە ماڭىدۇ. ئۇلار تەلۋە چۆك كۆۋرۈكىدىن
ئۆتۈپ ئوغۇساقنىڭ دۆڭى ئارقىلىق ئويباغ تەرەپكە
بۇرۇلىدۇ، ئەگىشىپ مېڭىشىمۇ ياكى ئارقىسىغا يېنىپ
گومىنداڭ ساقچىلىرىغا خەۋەر قىلىشىنىمۇ بىلەلمەي
تۇرغان جۈمەك پوقچىغا شەھەرگە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قاراپ كېلىۋاتقان ئوپالنىڭ بېكى مەمتىمىن بەگ ئۇچراپ قالدى. مەمتىمىن بەگمۇ گومىنداڭنىڭ ئىشپىيونى ئىدى. جۇمە پوقچى بۇ 13 نەپەر ئادەمگە ئەگىشىپ نارازەت قىلىشنى مەمتىمىن بەگكە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ساقچىغا خەۋەر قىلىش ئۈچۈن شەھەرگە قايتتى.

مەمتىمىن بەگ ئۇلارغا ئەگىشىپ ئوپالغا كېلىپ، بۇ ئەھۋالنى گومىنداڭنىڭ ئوپال لەڭزىسىدىكى ئەيسا لەنجاڭ دېگەنگە خەۋەر قىلدى. ئەيسا: بىز لەڭزىدىن ئايرىلساق بولمايدۇ، ۋەزىيەت جىددىي، ۋەزىپە ئېغىر، سەن قول ئاستىڭدىكى ئادەملىرىڭ بىلەن ئۇلارنى تۇتۇپ ئېلىپ كەل، دەپ بۇيرۇيدۇ. مەمتىمىن بەگ يۇنۇس يۈسۈپ، قادىر چوقا، سۇلايمان چوڭ هاشىم چىكەدى قاتارلىق توققۇز نەپەر ئادەمنى قۇراللاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ ماڭىدۇ. بۇ قوراللىق توققۇز ئاتلىق كېچە قاراڭغۇسىدا قارد-ماي قىزىل مەسچىت ئاتام تېغىنى ئارىلاپ كېتىپ بارغاندا، ئاتنىڭ كىشنىگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دارىغا ئات بىلەن يېتىپ بېرىپ، تاغ ئۆڭكۈرىدىكە قارىتىپ ئوق چىقىرىدۇ ۋە ئۇلارنى تۇتىۋالىدۇ. ئۇلار ئۇ ئون تىللارنى چىقىرىپ بىزنى قويۇپ بەرەڭلار، دەپ يالۋۇرىدۇ، يالۋۇرۇشلىرىغا قارىماي ئۇلارنى باغلاپ لەڭزىگە ئېلىپ كېلىدۇ. گومىنداڭنىڭ لىيەنجاڭى ئەيسا مەمتىمىن بەگ قاتارلىقلارنى ئات، پۇل قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن مۇكاپاتلاپ قايتۇرۇۋېتىدۇ-دە، دەرھال ئۇلارنى سوراق-قىستاققا ئالىدۇ. بۇلار جەمئىي 13 نەپەر كىشى بولۇپ، بۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر ئايال

ۋە بىر كىچىك بالا بار بولۇپ، ھەر قانچە قىيىن-قىس-
تاق بىلەن سوراق قىلسىمۇ ئۇلار ھېچ نېمىگە ئىقرار
قىلمايدۇ. ئەھۋالنى قەشقەر ساقچى ئورگىنىغا مەلۇم
قىلغاندا، قەشقەر ساقچى ئورگىنى ئۈن - تىۋىشسىز يو-
قىتىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەيسا
باشلىق گومىنداڭچىلار لەگزە سېپىلىنىڭ شىمالىي تەرەپ
ئۇلىغا ئورەك كولاپ بۇ 13 نەپەر ئادەمنى تىرىك كۆ-
مۈپ يوقىتىدۇ.

ئازادلىقتىن كېيىن 1950 - يىلى 3 -، 4- ئايلاردا
مۇسايوپ باشچىلىقىدىكى ھەربىي ۋەكىللەر ئوپال لەگ-
زىسىگە يىغىلىپ، بۇ 13 نەپەر ئادەمنىڭ جەسىتىنى
تېپىشقا كىرىشىدۇ. ئۆلگۈچىلەرنىڭ ئۇرۇق- تۇغقانلىرى،
ئوغۇل-قىزلىرى ۋە كۆرگىلى كەلگەن ئوپال جامائەت-
چىلىكى يىغىلىدۇ. بىر نەچچە ئادەم قوللىرىغا كەتمەن
ئېلىپ ئۇ يەر- بۇ يەرنى كولايدۇ. شۇ ئاردا مەتتىمىن
بەگنىڭ يىللىقچىسى جەسەت كۆمۈلگەن ئورۇننى كۆر-
سىتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەر كولىنىپ بىر
كىچىك بالىدىن باشقا 12 كىشىنىڭ جەسىتى قېزىپ
ئېلىنىدۇ. جەسەتلەر يېڭى رەختكە ئورۇلۇپ، ھەر ھار-
ۋىغا ئىككىدىن ياتقۇزۇپ شەھەرگە ئېلىپ كىرىلىدۇ
ھەم تەنتەنىلىك دەپنە مۇراسىمى بىلەن ئاپپاق غوجا
مازىرىغا دەپنە قىلىنىدۇ.

1947 - يىلى كۈزدە يۈز بەرگەن سوۋېت گىراژ-
دانلىرىنى ئۆلتۈرۈش ۋەقەسى تۈپەيلىدىن گومىنداڭ
ھۆكۈمىتى بىلەن سوۋېت ھۆكۈمىتى
ئوتتۇرىسىدا دىپلوماتىك سۈركىلىش يۈز بېرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

جاڭ جېجۇڭنىڭ ئۆز ئەسلىمىسىدە يازغان «سوۋېتكە قارشى ۋەقەلەر توختىماي يۈز بېرىپ تۇردى. بولۇپمۇ قەشقەردە بولغان ئىشلار بىزنى چوڭقۇر ئەپسۇسلاندۇردى» دېگەن سۆزى مۇشۇ ۋەقەنى كۆرسەتسە كېرەك. («جاڭ جېجۇڭ ئەسلىمىسى» 461 - بەت يۇقىرىسىدىن 3 -، 4 - قۇرلار).

ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى بېسىقتۇرۇش ھەرىكىتىدە گومىنداڭنىڭ يالاقچىسى مەمتىمىن بەگ ھۆكۈمىتىمىز تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. يۇنۇس يۈسۈپكە 19 يىللىق، قادىر چوقىغا 20 يىللىق قاماق جازاسى بېرىلدى.

# تارىخىي شەخسلەر

# مەھەممەت ھاجىم مەۋلىۋى داموللام

(1986 — 1906)

ئابدۇللا قاسىم

ئىسمايىل ئۇرايىم، ئابدۇكېرىم ئەخمىدى

1986 - يىلى 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى باھار. قۇياش ئانا تەبىئەتكە باھار زىننىتىنى بېرىۋاتقان باھار ھىدى قەلبلەردىكى باھار ئارزۇلىرىنى ئەركىلىتىپ ئويغىتىۋاتقان، باھار جۇلاسى يېزا - قىشلاقلىرىمىز سەيلىسىگە قەدەم تەشرىپ قىلغان ئاجايىپ گۈزەل كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ھىڭلىغان پاختەكلە جامائەتنى قاقۇللا كىشىنىڭگە يىغلىتىپ ۋىلايەت، ناھىيە ۋە يېزا رەھبەرلىرى، قەشقەر شەھىرى ۋە ناھىيە بازىرىدىن كەلگەن ھەر ساھە، ھەر كەسىپ، ھەر تەبىقە ئىلىم ئەھلى ۋە خالىس ئىخلاسمەنلەر بىلەن بىرلىكتە ئىچ - ئىچىدىن ئۇۋۇلۇپ دىريا - دەريا ياش تۆكۈپ يىغلىشىپ بىر مەرھۇمنى ئۇزىتىپ قويۇشتى.

بۇ كىشى ئىككى دۇنيا ئىلىملىرىدىن كامىل خەۋەردار، كەمتەر، ئاز سۆزلۈك، ئاز بولغانىدىمۇ ساز سۆزلۈك، يېتۈك تارىخشۇناس، تىلشۇناس، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، كونىشەھەر ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن

www.uyghurkitap.com

رەئىسى، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، بىرلىكسەپ ئەزاسى، مەھەممەت ھاجىم مەۋلەۋى داموللام ئىدى.

مەھەممەت ھاجىم مەۋلەۋى داموللام 1906 - يىلى پاختەكلە يېزا قاقۇللا كەنتى ئىچكى مەھەللىسىدە ئاددىي دېھقان ئىمىناخۇن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. مەھەممەت ھاجىم مەۋلەۋى بالىلىق چاغلىرىدىلا تەبىئەت، ئالەم ۋە تۇرمۇش سىرلىرىغا قىزىقىدىغان، سوئال سوراپ ھېرىكمەيدىغان، ئانداق-مۇنداق جاۋابلاردىن قانائەتلەنمەيدىغان، ئەقىللىق بالا بولۇپ ئۆسكەن، ئەقىللىق ئوغلىغا مەستلىكى كەلگەن ئاتا - ئانىسى ئۇنى ئوقۇتۇشقا بەل باغلىغان. ئالەم زامان سىرلىرىنى بىلىشكە قىزىقىدىغان بۇ ئوغۇل 1914 - يىلىدىن 1929 - يىلىغىچە ئاۋۋال قاقۇللىدا، ئاندىن كېيىن قەشقەر شەھىرىدىكى دۆڭمەسچىتتە، قاغىلىق، خوتەن قاتارلىق جايلاردىكى قارىخانا، مەدرىسلەردە ئىلىم - تەھسىل قىلغان، قاغىلىق ۋە خوتەندە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە سەئىد ھۆسەيىنخان (تەجەللىي)، ئابدۇۋاقى داموللام قاتارلىق مەشھۇر مەرىپەتپەرۋەر شائىر ۋە ئالىملار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولغان، ئىلىمگە بولغان ئىشتىياقى ئېشىپ 1929 - يىلى سودا كارۋانلىرىغا قوشۇلۇپ لاداغ، كەشمىر ئارقىلىق ھىندىستانغا بېرىپ، مەشھۇر خەلقئارالىق بىلىم يۇرتى «ئىمرادىل ئۇلۇم»غا كىرىپ ئوقۇغان. بۇ يەردە دىنىي ئىلىملاردىن باشقا، ھىندى، ئىنگلىز، ئوردۇ تىللىرىنى ئۆگىنىپ، ئەدەبىيات، لوگىكا (ئىلمى - مەنتىق)، پەل-

سەپە، تارىخ، جۇغراپىيە، فىزىكا، خىمىيە، ئاسترونو-
مىيە (ئىلمىي نۇجۇم) قاتارلىق پەنلەرنى بېرىلىپ
ئۆگەنگەن. يەتتە يىل زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ
ئەلا نەتىجە بىلەن بۇ مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن
1936 - يىلى ھىج تاۋاپ ۋە ئىلىم ئىزلەش مەقسە-
تىدە سەئۇدى ئەرەبىستانغا بارغان، ئۇ مەملىكەتتە
ئۈچ يىل تۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئەرەب تىلى ئاساسىنى مۇ-
كەممەللەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، ئەرەب ئىسلام تارىخى،
ئەرەب ئەدەبىياتى، ئەرەب جەمئىيىتىنى ئۆگەنگەن ۋە
مۇتالىيە قىلغان. 1939 - يىلى تەكلىپ بىلەن ئافغا-
نىستانغا كېلىپ، كابۇلدىكى «جامىئۇل ئولۇم» ناملىق
ئىلىم دەرگاھىدا مۇدەررىسلىك قىلغان ۋە يەنە بىر
تەرەپتىن ئۆزىنىڭ پارس، ئافغان تىلى ئاساسىنى
مۇستەھكەملەش ئاساسىدا، پارس، ئافغان تارىخى،
پەلسەپىسى، پارس، ئاۋغان، ئوردو، ئەرەب، ئىنگ-
لىز، ھىندى تىللىرىدىكى ئىلمىي تارىخىي ئەسەرلەرنى
بېرىلىپ ئوقۇغان ۋە تەتقىق قىلغان. ئوقۇتۇش ئېھتىيا-
جى بىلەن ئوردو تىلىدا، «زۆرۈرى رىسالەت» (زۆرۈر-
يەتلەر رىسالىسى) ناملىق كىتاب يېزىپ، نەشىر قىل-
دۇرغان، نەتىجىدە، ئىسلام ئۆلىمالىرى ئارىسىدا زور
ھۆرمەت ۋە شۆھرەت قازانغان. 18 يىللىق مۇھاجىرلىق ھا-
ياتىدا ئۆزى كۆرگەن ئەللەردىكى ئويغىنىش، ئىلىم - پەن،
مەدەنىيەت تەرەققىياتى، مەھەممەت ھاجىم مەۋلەۋى دا-
موللام قەلبىگە ۋەتەن سېغىنچى ۋە ئىشتىياقىنىڭ ئۆچمەس
گۈلخانىنى ياققان، شۇنىڭ بىلەن ۋەتەن خەلقى بىلەن
ھەمنەپەس بولۇش، ئانا يۇرت ئالدىدىكى ئوغۇللۇق

بۇرچىنى ئادا قىلىش، جاپالىق ئىزدىنىش ئارقىلىق ئېرىشكەن بىلىمىنى ئانا دىيار تەرەققىياتىغا بېغىشلاشتىن ئىبارەت ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ بىلەن چەت ئەللەردىكى ياخشى ئىمكانىيەت ۋە باياشات تۇرمۇش شارائىتىدىن ۋاز كېچىپ، 1947 - يىلى كۈزدە ئافغانىستاندىكى جۇڭگو كونسۇلخانىسىدىن رەسمىيەت ئۆتەپ، تاشقورغان ئارقىلىق ئانا يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن. بىر مەزگىل ئۆز يېزىسىدا مەدرىس ئېچىپ مۇدەررىسلىك قىلىپ تىرىكچىلىك قىلغان. مەدرىس تاقالغاندا دېھقانچىلىق قىلغان. «سول» لۇشيەن ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ئۆتكەن يىللاردا ھەرخىل بەتنامىلار بىلەن جىق رىيازەت تارتقان.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىن روھى ئۇنىڭغىمۇ قايتا يېڭى بەخت - سائادەت، يېڭى غەيرەت ئېلىپ كەلدى. مەھەممەت ھاجىم مەۋلەۋى پارتىيىمىزنىڭ بىرلىكسەپ سىياسىتىنىڭ نۇرى بىلەن ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېت ئەزاسى، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، دائىمىي ئەزاسى قاتارلىق شەرەپلىك ۋەزىپىلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. يەنە بىر جەھەتتىن ئۆز بىلىمىنى ۋەتەن خەلققە تەقدىم قىلىش ئۈچۈن زور غەيرەت بىلەن قولىغا قەلەم ئېلىپ 800 بەتلىك ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ناملىق كىتابنى يېزىپ پۈتتۈرۈپ، كىتابنىڭ يېزىلىشىغا ئىلھام ۋە ماددىي، مەنىۋى مەدەت بەرگەن كونىشەھەر ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشكە ھەدىيە قىلدى. كىتاب ئەسلىدە ئافغانىستاننىڭ پايتەختى كابولدا 1940 - يىلى 18 - ئاپرېلدا يېزىلىشقا

باشلىغان. شۇ نىڭدىن بۇيان ئۈچ قېتىم يېزىپ تاماملانـ ـغان بولسىمۇ، ئالدىنقى ئىككى ۋارىيانتى سىياسىي، ئىقـ ـتىسادىي پالاكەتلەر تۈپەيلىدىن يوقالغان. ئاخىرـ ـقى ۋارىيانت بىر مۇقەددىمە ئۈچ پەسىل (بۆلۈم) 127 باب ۋە بىر خاتىمە، ئىزاھلاردىن تۈزۈلگەن. (خاتىمە، ئىزاـ ـھات قىسمىنى يېزىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن)

مۇقەددىمە قىسمىدا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جۇغراـ ـپىيىلىك ۋە تارىخىي ئورنى، قەبىلە ئۇلۇس، پىراتىـ ـردىيە، دۆلەتلەر، ئىتتىپادىيە، (كونا پىدراتىپ) لەرـ ـنىڭ زامانىمىزغىچە يېزىلغان تارىخىي كىتابلىرىغا باھا، بۇ كىتابنى يېزىش سەۋەبى، ئوقۇغۇچىلاردىن (كىتابخانلاردىن) ئۈمىدى، تەلىپى قاتارلىق مەزمۇنلار سۆزلەنگەن. كىتابنىڭ رەسمىي تېكىستى ئۈچ پەسىل (بۆلۈمگە) ئايرىلغان.

بىرىنچى پەسىلدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى زامان تارىخى.

ئىككىنچى پەسىلدە ئوتتۇرا ئاسىيا ئوتتۇرا ئەـ ـسىر تارىخى.

ئۈچىنچى پەسىلدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يېقىنقى زامان تارىخى يېزىلغان.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى زامان تارىخى پەسلى (بۆلۈم) تارىختىن بۇيانقى ۋە تارىختىن كېـ ـيىنكى دەۋرلەردىن باشلىنىپ تاكى قاراخانىيلار سۇلاـ ـلىسى ئەرپىسىگىچە بولغان دەۋرلەر تارىخىنى ئۆز ئىچىـ ـگە ئالغان.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىي پەسلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىدىقۇت، قاراخانىيلار، سامانىيلار ۋە ئىسلام دىنىنىڭ قوبۇل قىلىنىشىدىن تارتىپ كىدانلار، موڭغۇل ئىستىلاسى ۋە توغلۇق، تۆمۈرخان ۋە ئۇنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى، سەئىدىيە دەۋرى ۋە ئاپپاق خوجىنىڭ ماجرالىق زامانلىرى تارىخىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يېقىنقى زامان تارىخى پەسلى، خوجىلار پاراكەندىچىلىكى ۋە مانجۇلار ئىستىلاسى، زوزۇڭتاڭ ئىشغالىيىتىدىن تارتىپ تاكى 1930 - يىلىدىكى قۇمۇل ئىنقىلابىغىچە بولغان تارىخىي ۋەقەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

كىتابتا يونوما تاش، سىلىق تاش ۋە مىس، توچ، تۆمۈر (مەدەن) مەدەنىيىتىدىن باشلاپ ھەر قايسى دەۋر ۋە دۆلەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ۋەقەلەر، مەدەنىيەت، يېزىق، ئىگىلىك، ھۈنەر-سانائەت، ھەربىي ۋە مەمۇرىي تۈزۈملەر، دۆلەت ئورگانلىرى، ئۇنۋانلار، پەخرى ناملارمۇ خېلى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلگەن. سوغدى يېزىقى، ئاساسىدا شەكىللەندۈرۈلگەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، بولۇپمۇ ئورخۇن، يېنىسەي (ئانا ساي) يېزىقى ھەرپلىرىنىڭ ئوقۇلۇشى، يېزىلىشى توغرىسىدا تەپسىلىي مەلۇمات بەرگەن ھەتتا ئورخۇن ھەرپلىرى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر نەچچە جۈملىنى يېزىپ ئۆلگە بەرگەن. ئالىم بۇ كىتابىنىڭ ئورخۇن يېزىقىدىكى تاش ئابىدىلەر بابىدا «خۇدا ئىمكانىيەت بەرسە فىنلاندىيە مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان ئورخۇن يادىكارلىقلىرىنىڭ فوتوگراف نۇسخىسىنى ئۆز لەھجىمىزدە (تىلى-

مىزدا) تەرجىمە قىلىپ ۋەتەنداشلىرىمىزغا تونۇشتۇرۇپ «ئۆتمەكچىمەن» دېگەن ياخشى ئارزۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئالىم ئورخۇن يېزىقى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى (سوغدى) نى ئوقۇيالايدۇ. بۇ كىتاب ھازىرقى زامان تارىخ كىتابلىرىنىڭ تۈزۈلىشىدە ئورۇن، ۋاقىت، ۋەقە، سەۋەب، نەتىجىلەر راۋان ۋە تەپسىلىي بايان قىلىنغان. تارىخىي ۋاقىت مىلادىيە يىلنامىسى بويىچە ئېلىنغان. ھىجرىيە يىلنامىسى باشلانغاندىن كېيىنكى تارىخقا — مىلادىيە يىلنامىسىغا قوشۇمچە ھىجرىيە يىلنامىسى بويىچە ئىزاھلىغان. يەكۈن ۋە باھادا ئۇنداق، مۇنداق ھازىرقى زامان سىياسىي ئېھتىياجغا تازا ئۇيغۇن كېلىپ كەتمەيدىغان قىسمەن مەسىلىلەر بولسىمۇ تارىخىي ۋەقەلەر ئۆز ئەينى بويىچە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئەڭ مۇھىمى ھەر قايسى قەبىلىلەرنىڭ ئەسلى ماكانى ئوران، تۇتىملىرى، تەرەققىياتى، كۆچۈش ئاقىۋىتى، قەبىلە نامىنىڭ مەنىسى، كېلىپ چىقىشى، قەدىمكى زامان يەر ناملىرى ۋە ھازىرقى ئاتىلىشى، قىسمەن تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئىتنىك مەنبەسى، قەبىلە، مىللەت ۋە خەلقلەر ئوتتۇرىسىدىكى تارىخىي، ھەربىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي، سودا مۇناسىۋەتلىرى توغرىسىدا بەزى يېڭى تارىخىي پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ ئەلۋەتتە پايدىلىنىشقا ئەرزىيدۇ. ئالىم يالغۇز تارىخشۇناسلا بولۇپ قالماستىن، يەنە مۆتىۋەر تىلشۇناستۇر. ئالىم. بۇ كىتابىنى

يېزىش جەريانىدا ئىنگلىز، ئەرەب، پارس، ئوردۇ، ھىندى، تۈرك تىللىرىدىكى مەشھۇر كىتابلاردىن نەقىللەرنى كەلتۈرۈپ، بۇ كىتابلارنىڭ نامى، تىلى، تومى، بۆلۈم، باب، بەتلىرىگىچە ئىزاھلاپ ماڭىدۇ. بۇ ھال ئالىمنىڭ يۇقىرىقىلارغا پىششىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

قىسقىسى، ئۆگىنىپ ئەقىل-ئىدراك، ئىلىم-پەنلىمنى، ۋەتەن، مىللەتكە تەقدىم قىلىش ئارزۇسى بىلەن 800 بەتلىك كىتاب تېكىستىنى پۈتتۈرۈشكە ئاران ئۈلگۈرەلىگەن. بۇ ئالىم قالغان ئارزۇلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمەي يۇرتنى ۋە ئىخلاسمەنلىرىنىڭ ھۆرمىتى ۋە قايغۇ-ماتەمگە چۆمۈلگەن ھالدا 1686-يىلى 9-مارت كۈنى باقىي ئالەمگە سەپەر قىلدى.

# موللا ھالاۋىدىن غېرىبى

(1880 – 1931)

### ئىسمايىل ئۇرايىم

ئوپال دىيارى ناھىيىمىز تەۋەسىدىكى ئەڭ قەدىمكى يۇرتلارنىڭ بىرى. بۇ يېزا دائىرىسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسىدە تېپىلغان يونۇما تاش، سىلىق تاش، مىس، تۇچ دەۋرلىرىگە تەئەللۇق مەدەنىي يادىكارلىقلار، مانى ۋە بۇددىزم دەۋرىگە تەئەللۇق جىنەت قاچىسى ۋە جىنەت كۆلى قاچىسى، شەھەر تۇر، بۇتخانا خارابىلىرى، قەدىمكى ئىزلار بۇ يېزا تارىخىنىڭ تولىمۇ ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

ئوپالدا مەھمۇد قەشقەرى زامانىسىدا ئۇنىڭدىن بۇرۇن ۋە كېيىن كۆپلىگەن ئىلىم - پەن ئەربابلىرى، ئالىملار، يازغۇچى، شائىرلار ئۆتكەن. شۇلاردىن بىرى مەرىپەتپەرۋەر شائىر موللا ھالاۋىدىن غېرىبىدۇر.

موللا ھالاۋىدىن غېرىبى تەخمىنەن 1880 - يىللىرى ئوپال يېزا قارا باش كەنتىدە ئوقۇمۇشلۇق دېھقان ئاباق موللا ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. موللا ھالاۋىدىن ئاباق موللا ئوغلى غېرىبى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

باشلانغۇچ مەلۇماتىنى ئالغاندە، ئوتتۇرا مەلۇماتىنى كۆكچى لاي پەشتاق مەدرىسىدە، ئالىي مەلۇماتىنى قەشقەر خانلىق مەدرىستە ئالغان. خانلىق مەدرىستىن ئىبارەت بۇ مەشھۇر ئىلىم دەرگاھىدا شائىر مۇددەرىسلەر ۋە شائىر تالىبەلەرنىڭ تەسىرىدە. شېئىرىيەت مۇخلىسى موللا ھالاۋىدىن «غېرىبى» تەخەللۇسى بىلەن نۇرغۇنلىغان شېئىر، غەزەللەرنى، جۈملىدىن ئادالەتسىزلىك قاپلىغان جاھالەتنى ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە ئاچ كۆزلۈكنى، ھىيلە-نەيرەڭ، ئالدامچىلىقنى، دىننى چۈمپەردە قىلغان ياۋۇزلۇقنى، كەمبەغەللەر ئۈستىدىكى زۇلۇم-ئىسكەنجە، بۇلاڭ - تالاڭنى رىياكارلىق، ئالدامچىلىقنى پاش قىلىدىغان ساتىرىك، شېئىر غەزەللەرنىمۇ يېزىپ مەدرىس ئەھلى ۋە جامائەتچىلىكنىڭ دىققەت-ئېتىبارى ۋە ھۆرمىتىگە مۇشەررەپ بولغان.

ئوپال خەلقى ئىچىدە ياد بولۇپ ئېغىزدىن - ئېغىزغا تارقىلىپ يۈرگەن تۆۋەندىكى بىر پارچە غەزەل بۇ قارىشىمىزنى كەم-كۈتىسىز ئىسپاتلايدۇ.

ئى ۋايى ئوپال كەنتىدە بار بىر خېتىمۋاخۇن،
ھەم قازىيۇ ھەم موپتىيۇ، موپتەسۋاخۇن.
دۇنيالىقىدا بار ئىردى بىر تاۋۇقۇم (توخۇ)،
ھۇقۇش بولىبان ئالدى گېلىمدىن سىقىۋاخۇن.
مەن رازى ئەمەسمەن بۇ تاۋۇقۇمنى يېگەنگە،
مونناق چىقىبان ئاقسا گېلىمدىن تېشىۋاخۇن.

بۇ غەزەلدىكى شېئىردىي پاساھەت، ئاچچىق

ئەلەمۋەغەزەپ، ئەسىيانكار روھ شائىرىمىزنىڭ چوڭقۇر بىلىملىك ئىجتىمائىي چۈشەنچىسى مۇكەممەل، زۇلۇم ۋە ئادالەتسىزلىككە قارشى قەيسەرانە ئىسيانكارلىق روھىغا ئىگە كامىل شائىر ئىكەنلىكىدىن تولۇق دالالەت بېرىدۇ.

شائىرنىڭ «غېرىبىي» دېگەن تەخەللۇسىغا كەلسەك، ئۇ خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا ئۆزى تۇغۇلۇشتىن 40 يىل بۇرۇن مەيدانغا چىققان ئۇيغۇر شائىرى توردوش ئاخۇن غېرىبىي يازغان «كىتابىي غېرىب) ناملىق كىتاب ياش شائىرغا چوڭقۇر تەسىر قىلغانلىقى ئۈچۈن شائىر توردوش ئاخۇن غېرىبىينىڭ ۋارىسى، ئىزچىسى بولۇش ئارزۇسىنى ئىپادىلەپ بۇ تەخەللۇسنى ئىشلەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

## شائىرنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى ۋە كېيىنكى پائالىيىتى توغرىسىدا

كىچىك ئىنىسى ئاباق موللامىنىڭ ئوغلى جۇماخۇننىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا، شائىر ھاياتىدا يازغان ئىككى يۈز پارچىدىن ئارتۇق شېئىرىنى ئۆز قەلىمى بىلەن «دىۋان غېرىبىي» ناملىق كىتاب قىلغان. «جاھالەتكە چىراغ يېقىلسا، شېئىرلىرىم ياغ بولۇر» دەپ يېنىدا ساقلىغان ھەم سۆھبەت-دىلكەشلىرىگە سورۇنىغا ماۋاپىق شېئىرلىرىنى ئوقۇپ بېرىپ يۈرگەن، 1930 - يىللىرى شائىر ئىبراھىم ھاجىم، مامۇت ھاجىم، سۇلايمان ھاجىم، ھالاۋۇدۇن ھاجىم قاتارلىقلار بىلەن ھەجگە بېرىپ، ھەج پائالىيىتىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كېيىن كېسەل بولۇپ قالغان، يۇرتىغا يانغان سەپەر-
دىشى ۋە بۇرادىرى ھالاۋۇدۇن ھاجىمغا شېئىرلىرىنى
ئامانەت قىلىپ «سىددىق خېتىۋاخۇنۇم تەۋەرۇك ئېتىپ
ساقلاپ قويسۇن» دەپ ئەۋەتكەن.

بىر مەزگىلدىن كېيىن 1931- يىلى يىل بېشىدا شا-
ئىر مەككىدە ۋاپات بولغان. ھالاۋۇدۇن ھاجىم شائىر-
نىڭ تاپىلىشى بويىچە بۇ شېئىردى ئامانەتنى شائىر-
نىڭ ئىنىسى سىددىق خېتىمۋاخۇنۇمغا تاپشۇرۇپ بەر-
گەن. ئۇ كىشى بۇ قول يازمىنى 1955 - يىلى ۋاپاتى-
غىچە ساقلىغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىنىسى ئاباق مول-
لام ساقلىغان. ئاباق موللامدىن ئوغلى جۇماخۇنغا
قالغان. ئاباق موللامنىڭ ئۆلۈم پەيتىگە چىققان
قەشقەر شەھەرلىك ئۆمەر موللام دېگەن كىشى بۇ قول
يازمىنى بىر كۆرۈۋالاي دەپ ئېلىپ كەتكەن.
ئاز ئۆتمەي ئۆمەر موللىمۇ ۋاپات بولۇپ كەتكەن.
جۇماخۇن بىر نەچچە قېتىم سۈرۈشتۈرگەندە مەرھۇم
ئۆمەر موللامنىڭ ئوغۇللىرىمۇ ئۇقمايمىز، دەپ قاي-
تۇرۇپ بەرمىگەن.

# توققۇزاقتىكى يېڭى مائارىپ ھەرىكى-تىنىڭ تەشەببۇسچىسى ۋە ئاساسچىسى ئابدۇللا زارى توغرىسىدا

ئابدۇرېھىم رازى

ھەر قانداق بىر يېڭىلىق نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەتلىك ئىزدىنىشلەر، تىرىشچانلىق ۋە بەدەللەر ئارقىلىق ئوتتۇرىغا چىقىپ ئومۇملىشىدۇ.

يېقىنقى زامان ناھىيىمىز مائارىپ تارىخىدىكى يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىمۇ تارىخىمىزدىكى چوڭ بىر يېڭىلىق سۈپىتىدە نۇرغۇن ئەگرى - توقايلىقلار، قايتىلىنىشلار، جاپالىق ئىزدىنىش ۋە تىرىشچانلىقلار، سانسىز قان-تەر، روھىي، ماددىي بەدەللەر ھېسابىغا بارلىققا كەلگەن.

يېقىنقى زامان مائارىپ تارىخىمىزدا توققۇزاق مائارىپىدا تۆرتكىلىك، ئۈلگىلىك رول ئوينىغان، مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغان ئىلغاركىشىلەردىن بىرى ئابدۇللا رازى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئابدۇللا زارى 1885 - يىلى ھازىرقى ئوغۇساق يېزىسىنىڭ غوجىلا كەنتىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى ھەسەن داموللا مەرىپەتپەرۋەر دىنىي ئۆلىما كىشى بولغان. ئاز ئۆتمەي ئابدۇللا زارىنىڭ دادىسى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۆلۈپ كېتىپ، ئۆگەي دادىسىنىڭ ئالدىدا چوڭ بولغان. كىچىك چېغىدا يېزىدىكى دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ ساۋاتىنى چىقارغان. كىچىكىدىنلا بىلىم ئۆگىنىشكە بېرىلىپ كەتكەن ئابدۇللا زارى ئۆزىنىڭ ياشقا كىچىك، يېتىملىكىگە قارىماي ئىلىم ئېلىش ئارزۇسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئۇيغۇر يېڭى زامان مائارىپىدىكى مەشھۇر نامايەندە ئۈستەن ئاتۇش ئىككىساق يېزىسىدا 1885 - يىلى قۇرۇلغان «ھۈسەيىن» مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرىدۇ. ئابدۇللا زارى بۇ مەكتەپتە ئۈچ يىل ئوقۇغاندىن كېيىن يېڭىچە مائارىپ، پەن - مەدەنىيەت دۈشمەنلىرى بولغان ئەكسىيەتچىل مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ بۆھتانلىرى ۋە چېقىمچىلىقى بىلەن شۇ دەۋر ھۆكۈمرانلىرى تەرىپىدىن مەكتەپ تاقىلىپ قالىدۇ. ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئىمكانىيەت بولمىغانلىقتىن ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، دېھقانچىلىق ۋە قوشۇمچە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. «ئاپرېل ئۆزگىرىشى»دىن كېيىن پۈتۈن شىنجاڭدا، جۈملىدىن قەشقەرنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىمۇ يېڭى مائارىپ دولقۇنى بارلىققا كېلىدۇ. بۇ دولقۇندىن ئىلھاملانغان ئابدۇللا زارىمۇ دوست-دىلكەشى ئىسمايىل ھەققى بىلەن بىرلىكتە توققۇزاق بازىرىدىكى بىر گۆرۈكەشنىڭ بىر ئېغىز بىكار ئۆيىدە سىنىپ تەشكىللەپ، پەننىي دەرس (تىل، ھېساب، تەبىئەت) ئوقۇتۇشىنى يولغا قويىدۇ. 1934 - يىلى يېڭى مەكتەپ پۈتۈپ ئوقۇغۇچىلار يېڭى مەكتەپكە كۆچۈپ چىقتى.

ئاز ئۆتمەي ئابدۇللا زارى ۋە باشقا يېڭى

مائارىپھەرىكىتىنى قوللىغۇچىلارنىڭ پائال تەشەببۇسى بىلەن توققۇزاق دائىرىسىدە ئون ئورۇندا يېڭى مەكتەپلەر بىنا قىلىنىپ، دېھقانلارنىڭ بالىلىرى قوبۇل قىلىنىپ، ئوقۇش باشلاندى. مەسىلەن: ھېلاكو، ئويباغ، سېيتىلا، مۇسۇما ، چېفمان، مەنگەن، شوغۇز، قولچى، چارەك قاتارلىق مەكتەپلەر.

ئابدۇللا زارى مائارىپپەرۋەر، خەلقپەرۋەر بىر كىشى بولۇپ خەلق ئېڭىغا سىڭىپ كەتكەن خۇراپىي قاراشلارنى تۈگىتىش يولىدىمۇ نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. مەسىلەن: توققۇزاق ئۆستىڭىگە سۇ كېلىدىغان چوڭ توما يېڭىلىق كەنتىدە بولۇپ، ئۇ يەردە سۇغا ھۆددىگەر كىشى دەپ ئېتىقاد قىلىنىدىغان تاش موللام ئاتىلىق بىر يېرىم مېتىر ئېگىزلىكتە بىر دانە تاش بار ئىدى. بولۇپمۇ سۇ قىس يىللىرى دېھقانلار ئۇ تاشقا قوي ئۆلتۈرۈپ، نەزىرە قىلىپسۇ تىلەشەتتى. ئابدۇللا زارى دېھقانلارغا «بۇ بىر تاش، ئۇنىڭدىن سۇ چىقمايدۇ،سۇ دېگەن ئېرىق - ئۆستەڭلەر ئارقىلىق دەريادىن كېلىدۇ، سىلەر قان قىلىپ نەزىرە بېرىپ تاشتىن سۇ تىلىگىچە، ئېرىق - ئۆستەڭ، توما - تاقاقلارنى رېمونت قىلىڭلار» دەپ كۆپ نەسىھەت قىلسىمۇ دېھقانلار قايىل بولمىغان. ئاخىرى ئابدۇللا زارى بۇ خىل خۇراپىي ئادەتنى تۈگىتىش ۋە بۇ تاشنىڭ سېرىنى ئېچىپ تاشلاش ئۈچۈن توققۇزاق بازار مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنى باشلاپ، «يېڭىلىق» كەنتىگە بېرىپ تاشنى ھارۋىغا بېسىپ ئېلىپ كېلىپ توققۇزاق بازىرىدا توختىتىپ، چۆرىسىگە ئوتۇن دۆۋىلەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ـۇت قويۇپ، تاش قىزىغاندا سۇ قۇيۇپ بۇ تاشنى پارە - پارە قىلىۋەتكەن.

پېشقەدەم مائارىپچى ئابدۇللا زارى جۇشقۇن ناتىق، ئىنتايىن سۆزمەن، خۇشچاقچاق، مۇزىكا ۋە سەنئەتخۇمار، ئەدەبىياتقا، بولۇپمۇ شېئىرىيەتكە ھېرىسمەن كىشى ئىدى. مارش تېكىستلىرىنى ئۆزى يېزىپ، ئۆزى مۇزىكىغا سېلىپ ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگىتىپ، مەكتەپ بويىچە ئومۇملاشتۇراتتى. شۇڭا، ئابدۇللا زارى شوجاڭ بولغان توققۇزاق بازار مەكتەپ تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىدە بىر نەچچە قېتىم ماددىي نەرسىلەر بىلەن مۇكاپات ئالغانىدى.

قايىنام-تاشقىنلىق بىلەن ئىجتىھاد قىلىپ ئۆمەرىنى، ياشلىقىنى بىلىم ۋە ئەقىل- پاراسىتىنى توققۇزاق مائارىپىغا بېغىشلىغان تەرەققىپەرۋەر مائارىپچى ئابدۇللا زارى جاللات شېڭ شىسەي تەرىپىدىن خائىن دېگەن بەتنام بىلەن 1937 - يىلى كۈزدە دوستى ئىسمايىل ھەققى بىلەن بىرلىكتە قولغا ئېلىنىپ، تۈرمىدە دەھشەتلىك ھالدا ئۆلتۈرۈلگەن. شۇ دەۋردە ئابدۇللا زارى ئاچقان مەكتەپتە ئوقىغان، ئۇنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، تەلىمى ۋە تەربىيىلىرىنى ئاڭلىغان پېشقەدەملەر ھازىرمۇ بار. توققۇزاق مائارىپىنىڭ ھازىرقى تەرەققىياتىنى كۆرگىنىمىزدە، 30 - يىللىرىدا توققۇزاق يېڭى مائارىپىغا ئاساس سالغان مەكتەپ باشقۇرۇشتىن تارتىپ دوسكا ئالدىدا دەرس ئۆتۈشكىچە ئۆزى بىۋاسىتە ئۈلگە كۆرسىتىپ ماڭىدىغان مەرھۇم مائارىپپەرۋەر زاتنى ئەسلەپ تۇرىمەن. مەرھۇمنىڭ روھى خۇشخۇي بولغاي.

# پېشقەدەم مائارىپچى مەرىپەتپەرۋەر دېموكراتىك زات قاسىم رەھىم

(1982 — 1905)

ئوپۇر قاسىم (مەرھۇمنىڭ ئوغلى)

1982 - يىلى 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى (شەنبە) ئوپال يېزىسىنىڭ قۇمباغ كەنتىدە ھازىدارلىرى كۆپ، ناھىيدىنى چۇشۇرگەنلەر مۇرەككەپ، ناھازغا قاتناشقانلارمۇ ئىنتايىن كۆپ بولغان مەرھۇم باقىي ئالەمگە ئۇزۇتۇپ قويۇلدى. جىنازا ئالدىدا بېلىغا ئاق باغلىغان ھازىدارلار يۈزدىن ئاشاتتى. مەرھۇمنىڭ ئوغۇل - قىزلىرى، كېلىن - كۈيئوغۇللىرى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى، تەقدىرداش، زامانداش، دوست - يارەنلىرى بار ئىدى. جىنازا ئارقىسىدا مەرھۇمنىڭ يۇرتداشلىرى، يېقىن - يىراقتىن كەلگەن ھەمسۆھبەتلىرى، ھەمكەسىپ-تەڭتۇشلىرى، شاگىرتلىرى، خالىس ئىخلاسمەنلىرى ۋە باشقىلار بولۇپ نەچچە يۈز ئادەم كېتىپ باراتتى، ناماز ئىشتىراكچىلىرى ئىچىدە چىن قەلبىدىن ئۇلۇغ ئىشلارنى سان جەھەتتىن كەمرەك قىلسىمۇ ئۆمرى بويى ئۇلۇغ ئىشلار ئارزۇسىدا كۆيۈپ-پىشقان، ئۆزى ئاددىي - ساددا بولسىمۇ كەچمىشى مۇرەككەپ، كىشىلەرگە ئۆمۈر بويى ياخشىلىق قىلىپ، ئازار بەرمىگەن بولسىمۇ، چۈشىنىپ - چۈشەنمەي،

ئىشىنىپ - ئىشەنمەي، قىلىنغان دىل ئازارلىرىغا
كۆپ دۇچار بولغان، لېكىن پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك 3 -
ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنلا بېشىدىكى دەستە - دەستە
قالپاقلار ۋە بۇ قالپاقلارنىڭ ئون نەچچە يىلدىن بېرى
ئۇنىڭ بېشىدا چۆرگىلەتكەن تاپا - تەنە، دەرد - ئە-
لەم، جاپا - كۈلپەتلەردىن ئەمدىلا قۇتۇلۇپ يېڭى بىر
ھاياتىي كۈچ بىلەن پەن، مەدەنىيەت، ئىلىم - پەن
بۇ يېزىنىڭ تارىخىي شەجەرىسى ۋە بۇ يەردە ئۆتكەن
ئاجايىپ ئادەملەر ئۈستىدە بىر چوڭ جاسارەت بىلەن
نەتىجىلىك ئىزدىنىشلەردە بولۇۋاتقان بۇ مەرھۇمنىڭ
ئۆلۈمىگە چىن يۈرىكىدىن قايغۇرۇپ ياش تۆكۈۋاتقان
ـەممىي ئىخلاسمەنلىرىمۇ، ئۆزىنىڭ بۇ ئادەمگە بولغان
مۇناسىۋىتىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى چۈشىنەلمەي مېيىت-
نىڭ ئەتراپىدا ئىپادىلىنىۋاتقان ھۆرمەت، ئېھتىرام
ۋە چوڭقۇر ئەقىدە-ئىخلاس ئىپادىلىرىدىن تەمتىرەپ
قالغان، كۆرەش، پىپەنسەھنىلىرىدە نەزەربەنت ۋە مەج-
بۇرىي ئەمگەكلەردە توۋلىغان شوئارلىرى، ئۇرغان
مۇشت - تەستەكلىرى، قىلغان تىل - ھاقارەتلىرى ھەم
ئورۇنسىز زورلۇقلىرىدىن خىجىل بولۇپ مۇرەككەپ
خىياللار ئىلكىدە سۈكۈت بىلەن كېتىپ بارغانلارمۇ،
پېشقەدەم قېرىلارمۇ، ئوتتۇرا ياش ۋە ياشلارمۇ، ئوقۇت-
قۇچى - ئوقۇغۇچىلارمۇ ھەتتا كىچىك گۆدەك بالىلار-
مۇ بار ئىدى.

بۇ، مەرھۇم — پېشقەدەم مائارىپچى، مەرىپەتپەرۋەر
دېموكراتىك زات، يۇرت تارىخچىسى، ئۇلۇغ ئالىم مەھ-
مۇد قەشقەرىنىڭ قەبرىسىنى بېكىتىشتە ئالاھىدە تۆھپە

يارىتىپ خەلقىنىڭ پارتىيە ھۆكۈمىتى ۋە تارىخشۇناس ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولـ غان قاسىم رەھىم رەھمەتلىك ئىدى.

قاسىم رەھىم 1905 ـ يىلى كونىشەھەر ناھىيە ئوـ پال يېزا قۇمباغ كەنتى لەگزە مەھەللىسىدە ئوقۇمۇشـ لۇق دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. سەككىز يېـ شىغىچە ئائىلە تەربىيىسىدە بولغاندىن كېيىن 1933 ـ يىلغىچە ئۆز يېزىسىدىكى دىنىي مەكتەپلەردە ئوقىغان. يەنە بىر تەرەپتىن ھاجى ئەلەم ئاخۇنۇم مەدرىسىدە مۇدەررىسلىك قىلغان، ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن قەشقەردە مائارىپ ئىدارىلىرى قۇرۇلۇپ يېڭى مائارىپ دولقۇنى قوزغالغاندا قاسىم رەھىم، ئۆمەر داموللا، سىـ دىق مۇسايوپ قاتارلىق كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە شەخسلەر باشقۇرۇشىدىكى دىنىي مەكتەپلەرنى ئۆزگەرـ تىش ئاساسىدا يەنىي مەكتەپلەرنى تەشكىللىگەن. خۇراپاتلىق ۋە مۇتەئەسسىپلەرنىڭ قارشىلىقىنى يېمىرىش ئانچە ئاسانغا چۈشمىگەن، ھەتتا زامانىۋى پەن مەـ دەنىيەت ۋە يېڭى مائارىپقا قارشى كۈچلەرنىڭ چېـ قىمچىلىقى ھەم بۆھتان قىلىشى تۈپەيلىدىن ئۆمەر داموللا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان. شۇنداقتىمۇ يېڭى مائـ ئارىپ ھەرىكىتىگە بارلىقىنى بېغىشلىغان قاسىم رەھىم، سىـ دىق مۇسايوپ قاتارلىق يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنى قوللىـ غۇچىلار بىلەن زىچ ھەمكارلىشىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنى سەپەرۋەر قىلىپ ئىئانە توپلاپ، ئۆزىمۇ تەشەببۇسـ كارلىق بىلەن ئىئانە بېرىپ، بۇ ئارقىلىق بايلارنىمۇ ئىئانە بەرگۈزۈپ، يېڭى مەكتەپلەرنى يېڭى تۈسكە

ىلەش ئۈچۈن ئالاھىدە كۈچ چىقارغان. ئۇ يەنە، ئىشتا-
نىغە تايىنىپ 1937 ــ، 1938 ــ يىللىرى ئوپال بازار
مەكتەپ ۋە ھۆلجىگدە مەكتەپلىرى ئىچىگە ئاستى -
ئۈستى تاختا يېلىق ئىككى ئىبخىز 1500 كىشىلىكتىن
كۇلۇب ياساتقان، كۇلۇب ئىچىگە ئورۇندۇقلارنى ياسى-
تىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، سەھنىلەرنى يۇرۇشلەشتۈرۈپ 16
كىشىلىك سانايى نەپىسە (سەنئەت ئۆمىكى) تەشكىللى-
گەن. ئۇلار شۇ يىللىرى «غېرىب ــ سەنەم»، «باي ۋە
مالاي»، «رابىيە ــ سەئىدىن» قاتارلىق سەككىز پارچە
درامىسىنى ئوپال ۋە قەشقەر سەھنىلىرىدە ئويناپ، ئو-
پال ۋە قەشقەر جامائەتچىلىكىنىڭ ئالقىشى ۋە ھۆر-
مىتىگە سازاۋەر بولغان. بۇ ئۆمەك بۇ پائالىيىتىنى
تاكى ئازادلىقتىن كېيىنمۇ داۋاملاشتۇرۇپ 1956 ــ يىلى
3 ــ ئايغا كەلگەندە ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى نامىدا
ناھىيە بازىرىغا يۆتكەپ كېتىلگەن. بۇ سەنئەت ئۆمى-
كىنىڭ ئىقتىسادىي چىقىمىنى دەسلەپ سىدىق مۇسا-
يوپ باشچىلىقىدىكى ئوپال ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى زىم-
مىسىگە ئالغان. 1947 ــ يىلدىن كېيىن قاسىم رەھىم
بۇ ئۇيۇشمىغا رەئىس بولۇپ سەنئەت ئۆمىكى ۋە مەك-
تەپلەرنىڭ چىقىملىرىنى 1950 ــ يىلغىچە ئىزچىل زىم-
مىسىگە ئالغان.

1943 ــ يىلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەختكە چىققان-
دىن كېيىن تاكى ئازادلىققا قەدەر قاسىم رەھىم گو-
مىنداڭ جاسۇسلىرىنىڭ نازارىتى ئاستىدا خىزمەت قىل-
غان ۋە تۈرمۈش كەچۈرگەن. 1943 ــ يىلى كۈزدە گومىن-
داڭ جاسۇسلىرى بىر قېتىم ئۆزىنىڭ شەھەردىكى ئۆ-

يىگە باستۇرۇپ كىرىپ ئۆيىنى ئاختۇرۇپ، بارلىق قول- يازما ۋە كىتابلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن، لېكىن ھېچنەرسە تاپالمىغان. 1947 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا گو- مىنداڭ ساقچىلىرى قاسىم رەھىمنى قولغا ئېلىشنى پى- لانلىغاندا، سەدىق مۇسايوپنىڭ ياردىمى بىلەن قۇتۇ- لۇپ قالغان.

يەقەت ئۆكتەبىر تېڭىدىلا قاسىم رەھىمگە تىنچ - ئامانلىق، بەختىيار تۇرمۇش، ياخشى خىزمەت شارائى- تى بەخش ئەتكەن. ئازادلىقتىن كېيىن مەكتەپ مۇدى- رى، ئوقۇتقۇچى قاتارلىق خىزمەتلەردە بولغان. «سول» لۇشيەن ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە كەلگەندە يەنە ناھەق زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان. 1966 - يىلى كۈزدە «ئىنقىلابىي ئاۋانگارتلار» تەردىپىدىن ئۇنىڭ ئۆيى يەنە بىر قېتىم ئاختۇرۇلۇپ، مىڭ بىر پارچىدەك يىغىپ توپ- لىغان كىتابلىرى بىلەن بارلىق قول يازمىلىرى بۇلاپ چىقىپ كېتىلىپ تەكشۈرۈلگەن ۋە كۆيدۈرۈپ تاشلانغان.

قاسىم رەھىم گەرچە نەزەربەنت قىلىنىپ، ئەڭ ئېغىر ئەمگەكلەرگە سېلىنىپ، جىسمانىي ۋە روھىي جە- ھەتلەردىن قاتتىق ئازابلارغا دۇچار بولغان بولسىمۇ، ئۆزىنى تاشلىۋەتمەي بەرداشلىق بېرىپ ئۆگىنىشتىن ئىبارەت ۋە ئىزدىنىشتىن ئاساسلىق ھايات پەزىلىتىنى دا- ۋاملاشتۇرغان. پارتىيە 11- نۆۋەتلىك 3- ئومۇمىي يىغىنى ھەر مىللەت خەلقى قاتارى جاپا- مۇشەققەتلەرتۇپەيلى سالامەتلىكىنى يوقاتقان قاسىم رەھىمگە قايتا يەنە بىر قېتىم ھاياتلىق باھارى بەخش ئەتتى. سىياسەت ئە- مەلىيلىشىپ، قالپىقى ئېلىپ تاشلىنىپ، نامى ئەسلى- گە كەلتۈرۈلگەن.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۇ غەيرەت بىلەن قولىغا قەلەم ئېلىپ ئوپال تارىخى، ئوپالدا ئۆتكەن ئاتاقلىق شەخسلەر، ئوپالدىكى خارابىلار، مازار - ماشايىقلار، شەھەر - قەلئە، تۇر ئىزلىرى، يۇرت تەزكىرىسى، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ يۇرت تەۋەلىكى، قەبرە ئورنى، ئوپالدا ئۆتكەن شائىر-يازغۇچىلار، مۇزىكانتلار توغرىسىدا بىلگەن-ئاڭلىغان، ئوقۇغانلىرىنى بىر قانچە دەپتەرگە يېزىپ قالدۇرغان. بىر نەچچە پارچە ماقالىسى ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان. بولۇپمۇ ئۇنىڭ «ئازىق مەھەللىسى توغرىسىدا»، «ئوپالدىكى مەدەنىيەت ئىزلىرى توغرىسىدا» دېگەنگە ئوخشاش مەتبۇئاتتا يورۇق كۆرگەن ماقالىلىرى ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى، مەشھۇر تىلشۇناس، «تۈركى تىللار دىۋانى» ناملىق ئۈچ توملۇق ئەسەرنىڭ ئاپتورى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ تەرجىمھالىنى ئېنىقلاش يۇرتىنى ۋە مەقبەرىسىنى بېكىتىش ئىشلىرىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان.

پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە مۇناسىۋەتلىك مەسئۇل تارماقلار ۋە ئالىم، تەتقىقاتچىلار قاسىم رەھىمىنىڭ بۇ تۆھپىلىرىنى ناھايىتى يۇقىرى باھالىغان، ئۇنىڭ تۆھپىلىرى «ئۈچ ياش» ناملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى، «تارىم ژۇرنىلى»، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ۋە «مەھمۇد قەشقەرى» ناملىق كىتابلاردا ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان، تەقدىرلەنگەن ۋە مەدھىيىلەنگەن.

مەرھۇم 1982 - يىلى ئۆكتەبىرنىڭ 30 - كۈنى ئۆز ئىزدىنىشلىرى ئۈستىدە قەلەم تەۋرىتىپ كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى. لېكىن ئۇنىڭ بىر ئۆمۈر ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىش روھى قەلبىمىزدە مەڭگۈ نۇر چاچقۇسى.

# ئەنجانباي

(1946 — 1906)

ئىسمايىل ئۇرايىم

ئەنجانباي قەشقەر كونىشەھەر ناھىيەسىنىڭ
ئوپال يېزا قۇمباغ كەنت يىكچى مەھەللىسىدىن. دا-
دىسى باقىكام، ئانىسى توختىخان ئاچاملار يۇرتتا بو-
لۇۋاتقان ئالۋاڭ - ياساق، زۇلۇم - سىتەملەرگە ۋە
نامراتلارنىڭ ئاھۇ - پەريادىغا چىدىماي‌ھەم ئۆز تۇر-
مۇشىنىڭ قىيىن ئېكەنلىكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ،
ئەر - ئايال ئىككىيلەن مەسلىھەتلىشىپ سەپەر قىلىش
نىيىتىگە كېلىپ، بولۇۋاتقان دەھشەتلىك ئېزىش، ئې-
زىلىشنى كۆزىمىز كۆرمىسۇن دەپ، ئالتە ياشلىق ئوغلى
جۇماخۇننى ئېلىپ 1905 - يىلى ئۆزبېكىستان جۇمھۇ-
رىيىتى ئەنجان ۋىلايىتىگە چىقىپ ماكانلاشقان. 1906 -
يىلى ئەنجان بايشۇ جايدا تۇغۇلغان، شۇڭا، سەپەرخا-
تىرىسى ئۈچۈن تۇغۇلغان جايىنىڭ نامى بىلەن «ئەن-
جان باي» دەپ ئات قويغان. بۇلار بىر ئاتا - ئانى-
دىن بەش بالا ئىدى. چوڭى جۇماخۇن، ئوپال يېزا
قۇمباغ كەنتىكى يىكچى مەھەللىسىدە 1902 - يىلى
تۇغۇلغان. ئەنجانباي 1906 - يىلى ئەنجاندا تۇغۇ-
لغان. ئايىم ئىللا 1908 - يىلى تاشكەنتتە تۇغۇلغان.
تاشكەنت باي 1910 - يىلى تاشكەنتتە تۇغۇلغانلىقى

ئۈچۈن «تاشكەنت باي» دەپ ئىسىم قويغان. قا-
دىرخان 1920 - يىلى ئوپال يېزا قۇمباغ كەنت يېكچى
مەھەللىسىدە تۇغۇلغان.

ئەنجانباي 1913 - يىلى يەتتە ياشقا كىرگەندە تاشكەنت 10 - باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگەن. 1918 - يىلى 5 - سىنىپنى پۈتتۈرگەن. بۇ مەزگىلدە دۇنيادا تۇنجى سوتسىيالىستىك دۆلەت سوۋېتلەر ئىتتىپاقى قۇرۇلغان ۋاقىت ئىدى. ئوقۇش جەريانىدا ئۆكتەبر ئىنقىلابىنىڭ جەڭ خەۋەرلىرى، ئىنقىلابنىڭ مەقسىتىنى، قەھرىمانلارنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى ئوقۇتقۇچىلار ئارقىلىق ئاڭلاپ تۇرغان ئەنجانبايدا يېڭى ئاڭ ئۆسۈپ - يېتىلىشكە باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن ئەنجان بايدا زۇلۇمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن زۇلۇم ئوچىقى بولغان مۇستەبىت ھاكىمىيەتنى يوقىتىش لازىم ئىكەن، دېگەن تونۇش بارلىققا كەلگەن. 1919 - يىلى ئەنجان باي 13 ياشقا كىرگەندە ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆز ۋەتىنىنى سېغىنىش ئارزۇسى كۈچىيىپ، ئۆز دىيارى ئوپالغا قايتىپ كەلگەن. ئەنجانباي كىچىكىدىنلا شوخ، تېتىك ئىدى. شۇ ۋاقىتتا ئوپالدا تېخى يېڭى مەكتەپ بولمىغاچقا ئاتا - ئانىسىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قۇمباغ كەنتى دۆڭ ئۆستەڭدىكى توختى موللام ئاچقان دىنىي مەكتەپتە 1920 - يىلىدىن 1923 - يىلىغىچە ئوقۇغان. دىنىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان يىللىرى ئەنجان باي چۆمگەن تېغىغا چىقىپ تاھىر - زاھىر دېگەن ئىككى ئاكا-ئۇكا قىرغىز بىلەن دوست بولدى. ئۇلار ئۇستا مەرگەنلەر ئىدى. ئەنجانباي ئۇۋغا قىزىقىدىغان بول-

غاچقا، ئات چېپىش، ئوغلاق ئويناش، قارىغا ئېتىش قاتارلىقلارنى مەشق قىلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، ئۇستا مەرگەن بولۇپ يېتىشتى. ئىككى قىرغىز دوستى بىلەن تاكى قۇربان بولغىچە باردى - كەلدى قىلىشتى. ئەنجانباي ئۇستا دۇتارچى، راۋابچىمۇ ياخشى چالاتتى. شۇڭا ياش بالىلار بىلەن ئامراق، ئىناق ئىدى. ئۇلار بىلەن ئېگىزگە سەكرەش، يىراققا سەكرەش، ئېگىزدە چاپان قويۇپ تېپىپ چۈشۈرۈش، 6،5 قاتار ئەنجانتامغا تۇتماي سەكرەپ چىقىش، ئۆز دەرەخكە چىقىش، قارىغا ئېتىش، ئوۋغا چىقىشتەك يەرلىك مىللىي تەنھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىناتتى.

1924 - يىلى ئەنجانباي دادىسىنىڭ دېھقانچىلىقىغا ياردەملىشىپ ئېرىق بويىدا دەم ئېلىۋاتقاندا، تاغ تەرەپتىن ئون ئاتلىق كېلىپ قالىدۇ. ئۇلار باي بالىلىرى بولۇپ، چوڭى خۇدايار ئىدى، ئۇ، سۆز باشلاپ: ھە ئەنجانباي سىلىنى ئۇستا مەرگەن دېيىشىدۇ، بۈگۈن سىنىشىپ باقمايدۇ؟ دېدى. ئەنجانباي: «بولىدۇ» دېدى ۋە ئۇتتۇۋالسا ئوۋ مىلتىقىنى ئېلىشقا پۈتۈشتى. تېرەككە يۇمىلاق دائىرە سىزىپ قاپ ئوتتۇرىسىغا تۆشۈكلۈك داچەننى بېكىتىپ داچەنگە تەگكۈزۈشنى شەرت قىلىشتى. ئاۋۋال باي بالىسى خۇدايار ئاتتى، تەككۈزەلمىدى. ئاندىن ئەنجانباي ئاتتى، دەل داچەننىڭ تۆشۈكىگە تەگدى. ئوۋ مىلتىقىنى ئۇتتۇۋالدى.

قۇمۇل، تۇرپاندا قوزغالغان ئىنقىلابنىڭ تەسىرى بىلەن 1932 - يىلى 4 - ئايدا ئوپالدا ئۆزئالدىغا

ئەسكەر ئېلىپ ئۇۋ مىلتىقى، قىلىچ، چوماق بىلەن قوراللىنىپ ئىنقىلابقا تەييارلىق قىلىش باشلاندى. ئۆمەر داموللا 40 نەپەر ئەسكەر ئالدى. تۇردى چوڭ بىلەن ئۆمەر خەلپە بىرلىشىپ 70 نەپەر ئەسكەر ئالدى. ئەنجانىباي ئۆمەر داموللىغا فۇگۇەن بولۇپ قاتناشتى. بولار ئوپال، بولاقسۇ، تاشمىلىق، يېڭىسار قاتارلىق جايلاردا يۈرۈپ قورال ئىزدىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز دائىرىسىنى مۇداپىئە قىلىمىز دېگەن بىلەن 1933-يىلى تۆمۈر سىلىڭ قەشقەرگە كەلگىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆز ئەسكەرلىرىنى تارقاتمىدى. تۆمۈر سىلىڭنى تاشلاپ ئوسمان توغلۇق ئۇلۇغچاتقا كېتىپ، بۆلۈنۈش بولغاندا تۆمۈر سىلىڭنى ماخۇسەن ئادەملىرى لەنگەردە ئېتىپ تاشلىغانىدى. ئۇندىن كېيىن ئەسكەرلىرىنى تارقىتىۋەتتى. ئەنجانىباي ئۇۋچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى.

1939-يىلى ئەنجانىباي گومىنداڭنىڭ تۈرمىسىگە قامالدى. بۇنىڭ سەۋەبلىرى 1935-يىلى لەنگەردىكى بوۋى ئانام سەيلىسىدە ئاۋات يېزىسىدىن ئەمەت بۆرىنىڭ ئوغلى خەلپەت بايۋەچچە بىر خۇرجۇن پۇل، بىر ئاتنى تىكىپ، ئەنجانىباي بىلەن ئۈچ مۈشت بىلەن بىر-بىرىنى يىقىتسا ئۇتۇۋېلىشقا باغلىشىدۇ. ئەنجان باي نۆۋەتنى ئالدىن بايۋەچچىگە بېرىدۇ. بايۋەچچە ئالدىن ئىككى مۈشت ئېتىپ يىقىتالماي، نۆۋەتنى ئەنجانىبايغا بەرگەندە بىر مۈشت بىلەن خەلپەتنى يىقىتىۋېتىپ ئېتىنى، پۇلىنى ئۇتۇۋېلىپ، قەشقەر قۇمدەرۋازىدىكى مەمەتكامىنىڭ سارىيىدا

قوي سويۇپ مەشرەپ ئويۇشتۇرۇپ، بۇرادەرلىرى بىلەن نەغمە - ناۋا قىلىدۇ بۇنى ئاڭلاپ، ئۆزىنى مېچكىم بىلەن تەڭ قىلمايدىغان خەلپەت نومۇس قىلىپ دادىسى ئەمەت بوردىگە ئەھۋالىنى دېگەندە، ئەمەت بوردىنىڭ كۆڭلى يېقىن ياسىن سەتەڭ ۋە باشقا شەنگەنلەرگە چاققانلىقى سەۋەب بولغان.

ئوپالنىڭ بېگى مەھەمتەمىن بەگنىڭ ئىنىسى تېزىز، ئەنجانبايىنىڭ ئىنىسى قادىر بىلەن خوراز سوقۇشتۇرۇپ ئۇرۇشۇپ قالىدۇ. ئاخىرى بەگنىڭ ئىنىسىنى قادىرخان ئۇرىدۇ. دوغىلار بەگكە «ئىنىلىرىنى ئەنجانبايىنىڭ ئىنىسى ئۇرۇپ كەتتى» دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزىدۇ. بەگ چېپىپ كېلىپ قادىرخاننى قاتتىق تىللايدۇ، ھەتتا ئەنجانبايىنى قوشۇپ تىللايدۇ. شۇ مەيداندىلا ئەنجانباي ئوتتۇردا چىقىپ «بېگىم مەن ناماقۇل، ئىككى گۆدەك ئىككىمىزنىڭ يۈزىنى قىلماپتۇ» دەيدۇ. (بەگ بولمىغان چاغدا مەھەمتەمىن ئەنجانبايىنىڭ ئاغىنىسى ئىدى.) بەگ: «سەن كىم، مەن كىم، ھەر قايسىڭنىڭ دەردىڭ يۇرت ئارام ئالالمامدۇ» دەيدۇ.

ئەنجانباي: «سەن كىم بولاتتىڭ، مېنىڭ كونا دوستۇم، رېھىم گالىقىنىڭ بالىسى مەھەمتەمىن. مەن باقىنىڭ بالىسى، يۇرتنىڭ ئوغلى ئەنجانباي بولىمەن بىلمەمتىڭ؟» دەيدۇ. چىدىمىغان بەگ قامچا بىلەن ئەنجانباينى ئۇرىدۇ. ئەنجانباي «ھەي ئوپال ئەھلى كۆردۈڭلارمۇ بۇ مۇتىھەمنىڭ يولسىزلىقىنى، بۈگۈن مەھەمتەمىننىڭ قاتىلى مەن» دەپ يېنىدىن پىچىقىنى ئېلىپ قوغلايدۇ. بەگ قېچىپ قازىخانىغا كىرىۋالىدۇ. قازىلار ئەنجانبايغا نەسىھەت قىلىپ توسىۋالىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئارقا ئىشىكتىن قاچقان يەك ئۇدۇل قەشقەرگە كېلىپ ياسىن فۇشەنجاڭغا ئەرز قىلىدۇ.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي يېڭى شەھەردىكى ھاجى ئەلەمنىڭ كاتتا تويى بولىدۇ. ئەنجانباي ئوغلاققا بېرىپ، كېيىن چېلىش مەيدانىدا ئون ئادەمنى ئاتقان چىرىك بىلەن چېلىشىپ، چىرىكنى كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇرىدۇ. خەلق خۇش بولغان بولسىمۇ، چىرىكلەر غەۋغا كۆتۈرۈپ ئەنجانباينى قوغلايدۇ. سەمەنگچە قېچىپ كېلىپ، ئاغىنىسى مەمەتكامىنىڭ ئۆيىگە مۆكۈنىۋالىدۇ. چىرىكلەر شەنگەن يامۇلغا كىرىپ ئەرز قىلىپ قولغا ئېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. يۇقىرىدىكى سەۋەبلەر بىلەن ئەنجانباينى تۈرمىگە تاشلايدۇ. ئەنجانباي تۈرمىدە ئۈچ يىل يېتىپ 1942- يىلى قويۇپ بېرىلىدۇ.

1945- يىلى 9- ئاينىڭ 24- كۈنى دۈشەنبە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ بىر بۆلىكى بولغان تاشقورغان ئىنقىلابىغا قاتناشقان جەڭچىلەر ئوپالغا كەلدى. ئۇلاردا قورال خىل ئىدى. پىلىموت، مىناميوت، ئالتە ئاتار مىلتىق ۋە ئاپتومات بىلەن قوراللانغانىدى. ئۇلار ھەممە يوللارغا پوست قويۇپ پىلىموت ئورناتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي تاملارغا شوئار چاپلاندى. مەزمۇنى ئەزگۈچىلەرنى يوقىتىشتىن ئىبارەت ئىدى. چۈشتىن كېيىن ئوپال ئۆيۈشمىسىنىڭ زالىدا يىغىن بار دەپ پۈتۈن بازارغا كەلگەنلەرنى زالغا ئېلىپ كىردى. بۇ زال 1500 كىشى سىغىدىغان زال ئىدى. زال ئادەم بىلەن لىق تولدى. سەھنىگە ئۈچ كىشى چىقتى. بىرى ئۆزىنى يۈسۈپجان دېدى. ئىككىنچىسى، ئەينىدىن،

ئۈچىنچىسى، جاھالەتسىلەر ئىدى. يۈسۈپجان سۆزلەپ «بىز ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تاشقورغان قوشۇنى، بىزدە قورال خىل، ئادىمىمىز ئاز، بىز زۇلۇمغا، ئەز-گۈچىلەرگە، مۇستەبىت ھاكىمىيەتكە قارشى جەڭ قىل-غۇچىلار، جەڭنى قورال ئەمەس ئادەم قىلىدۇ. قورال ئىنقىلابتا غەلىبە قىلىشتىكى ۋاستە. گەپنىڭ قىسقىسى ئىنقىلاب قىلىشنى خالايدىغان، يۈرىكى دەرد بىلەن تولغان، زۇلۇمغا ئۇچرىغان، ئانىسى ئوغۇل بالا دەپ تۇغقان جىگەرلىك يىگىتلەر بولسا قوشۇنىمىزغا قات-ناشتۇرۇپ، ئىنقىلابنى پات ئارىدا غەلىبىگە ئېرىشتۈرى-مىز» دېدى. تەقەززا بولۇپ تۇرغان ئەنجانباي ئورنى-دىن دەس تۇرۇپ «مېنى يېزىڭ، ئىسمىم ئەنجان-باي، دادامنىڭ ئىسمى باقى، يېشىم 39 ياش، مەر-گەنلىكتىن خەۋىرىم بار» دېدى.

يۈسۈپجان «چىقىڭ يىگىت سەھنىگە» دەپ سەھنى-گە چىققاندىن كېيىن مىلتىق، قىلىچ بېرىپ قويىدى. ئارقىدىن ئەنجانباينىڭ ئىنىسى قادىرخان «مېنىمۇ يازسىلا، ئېتىم قادىر، دادامنىڭ ئېتى باقى» دېدى. ئۇمۇ سەھنىگە چىقتى. ئارقىدىن سىڭلىسىنىڭ ئوغلى ئېزىز «مېنىمۇ يېزىڭ» دەپ سەھنىگە چىقتى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئەنجانباينىڭ ئاكىسى جۇماخۇن «مېنىمۇ يېزىڭ» دەپ ئورنىدىن تۇردى. شۇ ۋاقىتتا ئەنجان باي «ئاكا ئانام، دادامغا كىم قارايدۇ؟ بىر ئائىلىدىن ئۈچ كىشى يېزىلدۇق، سىلى تۇرۇپ تۇرسىلا» دېدى. يۈسۈپجا-نمۇ «ئەنجانباي توغرا دەيدۇ، سىلى تۇرۇپ تۇرمىسىلا بولمايدۇ» دېدى.

شۇ كۈنى يەتمىش نەچچە ئادەم يېزىلدى. تولىسى ئەنجانىباينىڭ دوس بۇرادەرلىرى ئىدى. يەغىن تۈگىدى، ھەممىسىنى قۇراللاندۇرۇپ «شىتاب تاشمىلىقتا، شۇ يەرگە بارىمىز» دەپ كەچ سائەت تۆتتە تاشمىلىققا ئېلىپ ماڭدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەنجانىباي ئىنقىلابچىلارنىڭ باتۇر، قەيسەر جەڭچىسىگە ئايلاندى.

تۇنجى كىچىككىنە جەڭنى 1945 - يىلى 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئەنجانىباي باشلىدى. چۈنكى ئەنجانىباي ئىنقىلابچىلارغا قوشۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن گومىنداڭ ئوپال لەڭزىسىگە ئىككى يۈزدەك چېرىكنى ئورۇنلاشتۇردى، كۈندە ئەنجانىباينىڭ ئائىلىسىنى نازارەت ئاستىغا ئالغانىدى. بۇ خەۋەر ئەنجانىبايغا يەتكەندىن كېيىن ئاتا - ئانىسىدىن ئەنسىرەپ 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى 30 ئەسكەرنى ئېلىپ شور جاڭگىلىنىڭ قاراغۇ يار دائىرىسى بىلەن كېلىپ 27 نەپەر ئەسكەرنى تەييارلىق ھالەتتە قالدۇرۇپ، ئەنجانىباي ئۈچ مىرگەننى ئەگەشتۈرۈپ يېڭىچىكە ئاغزىدا پوستتا تۇرغان تۆت نەپەر گومىنداڭ ئەسكىرىگە يېقىنلىشىپ تاڭ يورۇشى بىلەن تۆتىنى تۆتەيلەن قارىغا ئېلىپ تەك ئوق ئۈزۈپ يەرچىشلەتتى، مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلىغان لەڭزىدىكى گومىنداڭچىلار پاتىپاراق بولۇپ ئاپىغان يارلىقى بىلەن قەشقەرگە قاراپ قاچتى. چۈنكى ئۇلار قورشاۋدا قاپتۇق، دېگەن ئويدا بولدى. پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ئەنجانىباي 30 نەپەر ئەسكىرىنى ئىشقا سېلىپ توققۇزاق بازىرىغىچە قوغلاپ كەلدى. گومىنداڭچىلار شەھەرگە كېلىپ «تاغ ئوغرىلىرى نۇرغۇن



www.uyghurkitap.com

ئەسكىرىي كۈچى بىلەن بىزنى سەمەلگىچە قوغلاپ كەلدى،
بۇ ۋاقىتقىچە شەھەرگە يېقىنلاشتى، بىز چېكىنىپ كەلدۇق»
دەپ خەۋەر قىلىدۇ. شۇ ئان شەھەرنىڭ تۆت دەرۋازىسى
تاقالدى، ئىككى كۈن ئادەم كىرىپ-چىقىش مەنئى قى-
لىندى. ئەنجانباي بولسا توققۇزاق بازىرىنىڭ ئۇتە-
رىپىگە ئۆتمىگەنىدى. چۈنكى شىتتا بىتىن بۇيرۇق يوق
ئىدى. ئۇلار يۇقىرىقى مەنگەندىكى روزى چوڭنىڭ ئۆ-
يىدە مېھمان بولۇپ، زەمىن بىلەن قايتىپ كەتتى. شۇ
كۈنى ئانىسى بىلەن دادىسىنى ئېلىپ ئۈيتاغقا يۆرۈپ
كەتتى. كەچتە قەشقەر تەرەپتىن گومىنداڭنىڭ 500
دەك ئەسكىرى ئوپالغا كەلدى.

گومىنداڭ تەرەپ 1946 - يىلى 1 - ئاينىڭ 27 -
كۈنى چەش تاغقا يو تۈەنجاڭ باشچىلىقىدىكى 700 نە-
پەر ئەسكەر ئورۇنلاشتۇرۇپ مۇداپىئەدە تۇردى. خەۋەر-
چى يو تۈەنجاڭنىڭ كۈچلۈك قوشۇنى ئۈيتاغقا ھۇجۇم
قىلىش پىلانىنى تۈزەۋېتىپتۇ، دېگەن خەۋەرنى يەتكۈز-
دى. قوشۇن مەسئۇللىرى يىغىن ئېچىپ قايتارما زەربە
بېرىش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھەم تۇيۇقسىز ئا-
لاقزادە قىلىپ تاشلاشنى ئورۇنلاشتۇردى.

ئەنجانباينى ئون نەپەر ئەسكىرى بىلەن كېچىدە
چەش تاغنى پاراكەندە قىلىۋېتىپ دۈشمەننى يۆرىكىنى پو-
كىلدىتىشقا مەسئۇل قىلدى. ئەنجانباي كېچىسى ئون
نەپەر ئەسكىرى ۋە دادىسى بىلەن تۇمشۇق
تاغقا كېلىپ، ئاتنى ئاستا يېتىلەپ چەش تاغ باغرى-
دىكى ئاق ھويلا دېگەن يەرگە كېلىدۇ. يو تۈەنجاڭ ۋە
ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى بۇ يەرگە ئورۇنلىشىپ ئاكوپ ئار-

www.uyghurkitap.com

قىلىق چەش تاغ ئۆستىگە چىقىدىغان يول ياساپ بەخرامان ياتقاندا، ئەنجانىباي ئىككى نەپەر ئەسكەرگە ئاتنى يېتە-لەپ ئاق ھويلىنىڭ ئارقا تەرىپىدە توت دانە گې-راناتنى باغلاپ ھويلىغا ئاتىدۇ، ئوقنىڭ دەھشەتلىك پارتىلىشى ئۇيقۇدا ياتقان گومىنداڭ ئەسكەرلىرى كې-يىم كىيىشكە ئۈلگۈرەلمەي ئاكوپ بىلەن چەش تاغ ئۆس-تىگە چىقىپ قالايمىقان ئوق ئۈزۈپ چەش تاغ ئۆستىگە توپلىنىدۇ. بۇ تۇيۇقسىز پارتلاشتىن گومىنداڭچىلار قاتتى-تىق چۆچۈيدۇ. ئەنجانىباي تاغ ئىچى بىلەن قايتىپ كېتىدۇ. ئەمەت بەگ بېقىۋاتقان 70 نەپەر مەرگەنمۇ قورقۇپ كېتىدۇ. 1 - ئاينىڭ 30 - كۈنى شىتاب تاغ ئىنقىلابچىلىرىنى گومىنداڭچىلار «تاغ ئوغرىلىرى» دەپ تەشۋىق قىلىپ خەلقنىڭ رايىنى بۇراشقا ئۇرۇنىۋې-تىپتۇ، بىز قوراللىق ۋە بىگىمىزنى بىر قېتىم كۆرسە-تىپ قويۇش پەيتى كەلدى، تاڭ سەھەر چەش تاغقا ھۇ-جۇم قىلىپ، گومىنداڭچىلارنى ئېغىر چىقىمغا ئۇچرىتىپ، خەلقنىڭ ئىشەنچىسىنى ساقلاپ قېلىش كېرەك، دىگەن-نى بېكىتتى. بۇ جەڭنى يەر شارائىتىنى پۇختا بىلى-دىغان ئەنجانىباي ئېلىپ بارسۇن دەپ قارار قىلدى. ئەھۋالنى ئىنقىلاش ئۈچۈن يەرلىك قىرغىز جەڭچىلەرنى چام ئېرىدقا ئەۋەتتى. خەۋەرچىنىڭ ئىنىقلىشىچە، چەش تاغدىكى گومىنداڭچىلار 700 نەپەردىن ئارتۇق ئىكەن. ئەگەر ھەرىكەت قوللانسا، ئوپال لەڭزىسىدىكى، يېڭىسار، ئاقتۇدىكى ئەسكەرلەر ياردەمگە كېلىدىكەن. بىر قوي-چى ئۇ تاغدىكى ئىنقىلابچىلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ كېلىشىگە ئەۋەتىلىپتۇ. ئۇلار ھازىرچە ئويتاغقا ھۇجۇم

قىلىشتىن قورقىدىكەن. مۇھەممەد قەشقەرگە يېقىنلاشتۇر-
ماسلىق ئۈچۈن مۇداپىئەدە تۇرىدىكەن، يەنە بىر گەپ-
تە تىنچ ھالەت شەكىللەندۇرۇپ، تۇيۇقسىز ئۈچ تەرەپ-
تىن قورشاپ ھۇجۇم قىلىدىكەن دېگەن خەۋەرنى يەتكۈز-
دى. پىلان بويىچە چىش تاغدىكىلەر قوزغالغىچە بىر
قېتىم زەربە بېرىش مۇقىملىشىپ يەتمىش نەپەر ئەس-
كەرنى خىللاپ ئۈچكە بۆلۈپ، بىر بۆلىكى تۇمشۇق تاغ-
دىن توپ بىلەن زەربە بېرىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ كېچە
سائەت ئۈچتە ھۇجۇم باشلاش، ئاۋۋال تۇمشۇق تاغدىن
ئېتىش، كېيىن قىزىل تاغدىكىلەر ئوت ئېچىش، ئاندىن
چەش تاغ باغرىدىكىلەر تۇيۇقسىز زەربە بېرىشكە پۈ-
تۈشۈپ، شۇ بويىچە ئورۇنلاشتى. ئەنجانباي چەش تاغ
باغرىدىكىلەرگە يېتەكچىلىك قىلدى، جەڭ باشلىنىپ
چەش تاغدىكىلەر توپ زەربىسىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن،
يوتۋەنجاڭ ھەم ھۇجۇم قىلىشتا ھەم چېكىنىشكە ئېپلىك
دەپ قاراپ ئۇرايىم جىغانىنىڭ توغرا قىلىشقىغا چۈشتى،
بۇ جايدا ئەنجانباينىڭ ئادەملىرى يوشۇرۇنغانىدى.
قىزىل تاغ تەرەپتىن ئوت كۈچى كۈچەيگەنلىكتىن
ئاساسىي كۈچى شۇ يەردە دەپ، دەريا بويىغا سىلجىپ
ئۇچۇقچىلىققا چىققاندا تۇيۇقسىز ئەنجانباي ھۇجۇم
قوزغىدى. يوتۋەنجاڭ ئارقىسىدا ئىدى. دەسلەپتە ئەن-
جانباي يوتۋەنجاڭنى يىقىتتى، قالغانلار پاتىپاراق
بولۇپ ئۇدۇل كەلگەن يەرگە قاچتى، جەڭ مەيدانىدا
52 كىشىنىڭ جەسىتى قالدى. بۇ زەربە گومىنداڭ
سىلىڭبۇسىنى ئەلدىشىگە سالدى.
1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى 50 ئاتلىق قوشۇن يېڭى-

www.uyghurkitap.com

سارغا بېرىپ ئەنجانباي يېگىسار سېپىلىغا تۆت پاي
مىنامىيوت ئېتىپ «بىز بۇ تەرەپتىمۇ بار» دېگەننى ئە-
پادىلەپ ئۇلارنىڭ شەھەرگە ئەركىن بېرىپ كېلىشىگە
ئەندىشە سالدى.

1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئەنجانباي
يەكەنگە 500 ئاتلىق قوشۇن بىلەن بار-
غانىدى. ئۇ جايدا بىر سائەت قاتتىق جەڭدىن كې-
يىن گومىنداڭچىلار سېپىل ئىچىگە كىرىۋالدى: ئىنقىلاب-
چىلاردىن بىرسى بانكىغا تەگكەنىكەن، بۇنى ئۇققان
ئەيىندىن دېگەن باشلىق «بىزنى ھېلىمۇ «ئالتە ئوغ-
رى، تاغ ئوغرىلىرى» دەۋاتسا، بۇ ئىشنى قىلساق خەلق-
لەر راست بۇلار ئوغرى ئىكەن دېمەسمۇ، بىزگە ئىشە-
نەمدۇ؟ بىز كىمنى دەپ ئىنقىلاب قىلىمىز؟ بىز پۇلنى
دەپمۇ ياكى خەلقنى دەپمۇ؟» دەپ غەزەپلەندى. ئەنجان-
باي شۇئان تاپانچىسىدىن ئوق چىقىرىپ ئۆزى ئىچىدى-
كى ھېلىقى جەڭچىنى ئېتىپ تاشلاپ ئاندىن يېڭى تەر-
تىپ ئورناتتى.

1946 - يىلى 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنلىرىدە جاڭ
تۈەنجاڭ ئېگىز يار ئارقىلىق تاش قورغانغا چىقىپ،
شىتابقا ھۇجۇم قىلىپ، ئىنقىلابچىلارنى ئۇجۇقتۇرىدى-
كەن، دېگەن خەۋەر ئاڭلاندى. بۇ ۋاقىتتا پارچە-پۇ-
رات ئۇرۇش بولۇۋاتاتتى. 1946 - يىلى 4 - ئاي مەز-
گىلى رازۋېتچىكلەردىن بىر خەۋەر كەلدى. شۇنىڭ بى-
لەن جامالىدىن دېگەن باشلىق بىر بۆلۈك جەڭچىلەر-
نى تاشقورغان يولىنى توسۇشقا بۇيرىدى. ئەنجانباي
بىر بۆلۈك جەڭچىلەر بىلەن ئېگىز يار ئودۇل دارىسى

ئارقىلىق 300 ئەسكەرنى باشلاپ تاغ باغرىغا ئورۇن-
لاشتى. ئەنجانباي ئۈچ ئەسكەر ئېلىپ رازۋېتكا قى-
لىشقا ئېگىز يارغا كەلدى، مەھەتتىنىڭ يالغۇز ئۆيىگە
چۈشتى. بۇ ھويلىنىڭ ئالدىدا بوك - باراقسان ئال-
تە تۈپ سۆگەت بار ئىدى. باشقا تەرەپ تىپتىنچ
ئىدى. شۇنداقتىمۇ تاغ ئۈستىگە پوس قويدى. ئىككى
ئەسكەرنى سۆگەت تەرەپكە ئەۋەتتى، سۆگەت تەرەپكە
كەتكەن ئاتلىق تېز قايتىپ كېلىپ نۇرغۇن ئاتلىق ئەس-
كەر مۇشۇ تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتىدۇ دەپ خەۋەر قىل-
دى. ئەنجانباي سۆگەتكە چىقىپ دۇربۇن بىلەن قارى-
دى. راست دېگەندەك مىڭغا يېقىن ئاتلىق قىزىل تاغ-
قا كېلىۋېتىپتۇ. ئۇلار ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنۈپ بىرى ئې-
گىز يار دەريا ئېقىمى بىلەن، بىر بۆلىكى تاغنىڭ غەر-
بىنى ئايلىنىپ، يەنە بىر بۆلىكى ئۇدۇلدىن كېلىۋاتات-
تى. ئەنجانباي ھەممە جەڭچىنى ئاتلاندۇرۇپ ئىككى
ئەسكەرنى دارىدىكى جامالىدىنغا خەۋەر قىلىشقا ماڭ-
دۇردى. ئوتتۇز ئەسكەردە بىرلا پىلىموت بار ئىدى، ئۇ-
دۇلدىن كەلگەنلەرگە توغرىلاپ پىلىموتنى تاغ باغرى-
دىكى ئەپلىك جايغا بېكىتىپ ئۆزى سۆگەت ئۈستىدە دۇر-
بۇن بىلەن كۆزىتىۋاتاتتى. جاڭ تۈەنجاڭ
دۇربۇندا كۆرۈپ قالغانىكەن، ئاز ئادەم
دەپ مۆلچەرلەپ ئۇدۇللاپ كېلىۋاتقانلارغا قو-
ماندانلىق قىلىپ ئالغا دەپ ئاق ئاتقا مىنگەن جاڭ تۈەن-
جاڭ قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئات سالدى. ئەنجان-
باي قولىدىكى مىلتىقىنى جاڭ تۈەنجاڭغا توغرىلاپ
تۇرۇپ 300 مېتر يېقىن كەلگەندە ئوق ئۈزدى. جاڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تۆۋەنجاڭ تىنىك چۈشتى. پىلىموت، مىلتىق تەڭھەرىكەت-
كە كەلدى. بايراقدارى ھەممىنىڭ ئالدىدا ئىدى. ئەنـ
جانىباي سۆگەتتىن تېزلىكتە سىيرىلىپ چۈشۈپ ئىشانىغا
ئالدى. بىر پاي ئوق بىلەن بايراق يىقىلدى. دۈشمەن
ئېتىشنى كەينىگە بۇردى. مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلىغان
جامالىدىن يۈز ئەسكەر بىلەن داردىن چىقتى. ئۇلار-
دا يېڭىك پىلىموت، ئاپتومات بار ئىدى. ئەھۋالنىڭ
خەتەرلىكىنى بىلگەندىن كېيىن دۈشمەن سەپ بولۇپ چېـ
كىنىدى. ئەسكەرلەر ئىككى كىلومېتىر يەرگىچە قوغلىدى،
كېيىن ئۇلار قايتتى. ئۆلگەن باشلىق كىم ئىكەنلىكىنى بىلـ
مەيتتى، جەسەتمۇ يوق ئىدى. كېيىن دۈشمەن يەرلىك خەـ
ۋەرچىلەر جاڭ تۆۋەنجاڭ ئۆلۈپتۇ، دەپ خەۋەر ئېلىپ كەلدى.
گومىنداڭچىلارنىڭ خەۋەرچىلىرى جاڭ تۆۋەنجاڭنى ئاتـ
قىنى ئۇستا مەرگەن ئەنجانىباي دەپ خەۋەر بېرىپتۇ.
ئاندىن يېڭىشەھەر سىلىڭبۇسى كىمكى ئەنجانىبايىنى
تىرىك تۇتۇپ بەرسە، يۈز تىللا بېرىمىز دەپ ئېلان چىـ
قاردى. جاڭ تۆۋەنجاڭنىڭ ئۆلۈمى گومىنداڭچىلار ئۈچۈن
ئىنتايىن چوڭ يوقىتىش بولۇپ ئۇلارنى لەرزىگە سالغا-
نىدى. 1946 - يىلى 3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت
ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى بولغان تاشقورغان ئىنقىـ
لابىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى گېنېرال ئىساق بەگ
تاشقورغانغا كەلدى. پۈتۈن جەڭچىلەر قىزغىن قارشى
ئالدى ھەم مۇھىم يوليورۇق بەردى. ئۇ «بىزنىڭ كۈـ
رىشىمىز ئازادلىق كۈرىشى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پار-
تىيىسىنىڭ غەلىبىسى بىزنىڭ غەلىبىمىز» دېدى. ئۇ،
«ئۈچ ۋىلايەت جەڭچىلىرى سىلەرگە سالام يوللىدى»

دېدى. يەنە: «بىز غەلىبە قىلىمىز، چۈنكى ئىزدىلگەن خەلق بىز تەرەپتە» دېدى.

جەڭچىلەرنى ماختاپ «ئەنجانباي دېگەن جەڭچى بارمۇ؟» دېدى. ئۇ «بارىمەن گېنېرال» دەپ ئالدىغا چىقىپ، سالام بەردى. ئۇنىڭغا بىر ئات، بىر تاپانچا مۇكاپات بەردى.

ئىساق گېنېرال، جامالىدىن، ئەيىنىدىن، قارى بەگلەرنى شتابقا ئېلىپ كىرىپ ئۇزۇن مۇڭداشتى ۋە شۇ كۈنى قايتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ جەڭچىلەر چوڭ جەڭگە تەييارلانماقتا ئىدى. گومىنداڭچىلار چەش تاغدا قوشۇننى كۆپەيتتى. ئادەم سانى ئىككى مىڭغا يېقىن ئىدى. ئوپالدا خالىيەن باشچىلىقىدا 200 دىن ئارتۇق ئەسكەر توختاتتى. يېڭىساردىكى بىر بۆلۈك ئەسكەرلەرنى ئاقتوغا يۆتكىدى. ئىنقىلابچىلار چەش تاغدىكى دۈشمەننى يوقىتىپ قىستاپ بېرىپ قەشقەرنى ئېلىشنى نىشان قىلغان جەڭگە تەييارلاندى. مۇھىمى شەھەردىن سىرتقا چىققان گومىنداڭنىڭ چەش تاغ قوشۇننى ئۈزۈل ـ كېسىل يوقاتسا، دۈشمەن كۈچلىرى خېلىلا ئاجىزلاشقان بولاتتى. ئۇلار خەۋەرچىلەرنى چۈشۈرۈپ دۈشمەن ئەھۋالىنى ئىگىلەۋاتاتتى. شۇ مەزگىلدە بىر مالچى زەيدىن بەگ بىلەن كۆرۈشكىنى چىقىپ يەنە كېچىدە غايىپ بولدى، دەپ بىر ئەسكەر ئەنجانبايغا دېدى.

ئەنجانباي ئۆيىنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن، زەيدىن ئىشەنچلىك، چۈنكى باندىت ئەھەت بەگ بىلەن تېگىدىن ئۆچ، زەيدىن ئەسكەرلىرىنى

www.uyghurkitap.com

تاشلىمىقتىن چۈشۈرەيلى، دېدى. ھېلىقى ئەسكەر ھازىر رازىۋېتكا قىلىۋاتىمىز ئەمەسمۇ؟ دېدى. ئەنجانباي پەسەنت قىلمىدى، زەيدىن ئۆز ئادىمى ئارقىلىق «ئەمەت بەگ بىلەن ئالاقىلىشىپ بۇداقى ھۇجۇمدا چوقۇم سىلەر تەرەپكە ئۆتۈپ كېتەمەن» دېگەنىدى. شىتاب ھۇجۇم پىلانىنى تۈزۈپ بولغانىدى. جەڭچىلەرنى ئۈچكە بۆلدى. بىرى ئۇدۇل تۇمشۇق تاغدىن پۈتۈن خىل قوراللار بىلەن ھۇجۇم قىلىش، ئىككىنچى قوشۇن چام ئېرىق بىلەن ھۇجۇم قىلىش، ئوپالدىن كېلىدىغان ياردەمنى توسۇش، ئۈچىنچى قوشۇن خىللانغان ئازراق جەڭچى بىلەن تېرىمغا ئۆتۈپ دۈشمەننىڭ شەھەرگە قاراپ چېكىنىش يولىنى توسۇش.

بىرىنچى دۈيگە زەيدىن، ئۇڭ قانىتى خان تېرەك يولىغا ئورۇنلىشىپ ئاقتۇ يېڭىساردىن كېلىدىغان قوشۇنغا زەربە بېرىش. بۇ قوشۇندا ئەنجانباينىڭ ئىنىسى قادىر، غوجى ئابدىراخمانلار بار ئىدى.

ئىككىنچى قوشۇنغا سايىت بەگ، جامالىدىن مەسئۇل بولۇش.

ئۈچىنچى تېرىمغا بارىدىغان قوشۇنغا ئەنجانباي مەسئۇل، ئەسكىرىي كۈچى 30 مەرگەننى ئېلىپ چۈشۈش بېكىتىلدى. ھۇجۇم بەلگە ئوقىنى زەيدىننىڭ قوشۇنى بېرىدىغان، ئۈچ تەرەپ تەڭ ئوت ئاچىدىغان بولدى. كېچە سائەت بەشكىچە ھۇجۇم سىگنالى بېرىلمىدى. ئەنجانباي ئەندىشە قىلىپ، زەيدىن توغرىسىدىكى جەڭچىنىڭ ئەنجانباي كېپىنى ئەسلەپ قالدى. ئۇ جەڭچىلەرگە قاراپ «يولداشلار تاڭ سۈزۈلدى. تېخىچە بەلگە ئوقى چىقمىدى.

چوقۇم ئارىمىزدىن خائىن چىقتى. بۈگۈن كۈنگە جۈمە، ئۆلسەك شېھىت، قالساق غازى، بىرە يىلەن يۈزگە تېتىمپ جەڭ قىلايلى! قەشقەرنـى ئالغاندىن كېيىن ئۆلسەم ئارمانسىز كېتەتتىم. ئاتلىنىڭلار» دېدى.

شۇ ئارىدا قەشقەردىن ئۈچيۈز ئەسكەر دۈشمەنگە ياردەمگە كېلىپ قالدى. ئەنجا نىباي قىسمى ئاتتىن چۈشۈپ پىلىموتنى ئەپلىك جايغا ئورۇنلاشتۇرۇپ يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە بۆلۈنۈپ دۈشمەنگە ئوت ئاچتى. بۇ تويۇقسىز زەربىدىن دۈشمەن چېكىندى. پىلىموتچەڭچىلەرنىڭ ئوقىدىن 27 نەپەر دۈشمەن يەر چىشلىدى. ئۇلار تېرىمىنىڭ ئايغىدىكى تۈز سايغىچە سۈرۈپ كېلىپ ئاندىن چېكىنىپ، دەريا ياقىلاپ چام ئېرىقىقا يول ئالدى. زەيدىن پۈتۈن چوڭ پىلاننى دۈشمەنگە مەلۇم قىلىپ خائىنلىق قىلغانلىقتىن ئوپالدىن كېلىدىغانلار ۋە 18- تۈمەننىڭ ئەسكەرلىرى ئاخشامدىلا ئورۇنلىشىۋالغانىدى. چەش تاغ تەرەپتىمۇ كۈچلۈك قارشىلىق قىلىغانىدى. زەيدىن قورشاۋدا قالدۇق دېگەننى باھانە قىلىپ بىر پاي ئوق ئاتماي پۈتۈن قوراللارنى دۈشمەنگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، جەڭچىلەرنى ئەسىر قىلىپ بەرگەنىدى. دۈشمەننىڭ دىققىتى ئەنجانىبـايدا ئىدى. ئۇنىڭ تېرىم تەرەپتە ئىكەنلىكىنى زەيدىندىن ئۇقۇپ پۈتۈن مۇھاسىرە چەمبىرىكى ھاسىل قىلىپ پۈتۈن كۈچىنى شۇ تەرەپكە قاراتقانىدى. ئەنجانىباي چام ئېرىقىقا يېتىشى بىلەن كۈچلۈك مۇھاسىرە ئىچىدە قالدى. ئەنجانىباي پىلىموتنى ئات ئالدىغا بېكىتتى. يېنىكى ئىنىسى ئېزىز ئابدۇللانى «يانداش ماڭ» دەپ، ئۇستا مەرگەنلەرنى

قوغداپ مېڭىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئوق ئۈزۈپ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ مېڭىشقا ئات سالدى ۋە «ئارقامدىن مېڭىڭلار» دەپ ۋارقىرىدى. يۇقىرى بېسىملىق كانايدا «ئەنجانباي تەسلىم بول، تۈگەشتىڭ، مىڭ جېنىڭ بولسىمۇ ئامان قالمايسەن» دەپ ۋارقىرىدى، بۇ ئاۋاز ئوپالدىن كەلگەن ئەيسا لىيەنجاڭنىڭ ئاۋازى ئىدى.

ئەنجانباي «ئاللاھۇ ئەكبەر، ئېتىڭلار» دېدى. ئوتتۇز جەڭچى ئوق ياغدۇرۇپ ماڭدى. دۈشمەن پۈتۈن قوراللىرىنى ئىشقا سېلىپ «قاچۇرۇپ قويمايلى» دەپ ۋارقىرىدى. ئەنجانباي پىلىموتتىن ئوق سېيرىپ 21 كىشى قورشاۋدىن بۆسۈپ ئۆتتى، لېكىن، ئويتاغ ئېغىزىنى توسۇپ ياتقان دۈشمەن شىددەتلىك ئوت ئاچتى. ئۇلار ئۇلۇغ ئات بىلىگە قاراپ بۇرۇلۇپ ئېتىشقاچ چېكىنمەكتە ئىدى. قالغان جەڭچىلەر بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەچكە ئەنجانباينىڭ ئادىمىلا ئۇرۇشۇۋاتاتتى، پىلىموتنىڭ ئوقى تۈگىدى، ئۇنى تاشلىۋېتىپ ئاپتوماتنى ئىشقا سالدى. ئەنجانباي جىغان بىلىگە يېقىنلاشقاندا دۈشمەن خېلى يىراقتا قالغانىدى. شۇ ئارىدا ئېزىزخاننىڭ ئېتىغا ئوق تەگدى. «ئاكا مېنى قۇتۇلدۇر» دېگەن ئاۋازلا ئەنجانباينى ئارقىغا يېنىشقا مەجبۇر قىلدى. دۈشمەنگە ئوق ياغدۇرغاچ ئېزىزخاننى ئاتنىڭ كەينىگە مىندۈرۈپ چاپتى. جىغان بىلىگە كەلگەندە ئات ھاردى. «ئىنىم سەن چۈش دۈشمەننىڭ قەستى مېنىڭدە» دەپ ئاتنى تاشلاپ پىيادە بەلگە ياماشتى. شۇ ئارىدا قوغلىغان دۈشمەننىڭ ئوقى ئەنجان باينىڭ ئۆڭ دولىسىغا تەگدى، بەلدىن سېيرىلىپ كېتىپ يوغان

بىر تاشنىڭ يېنىغا دومىلىدى. بەلبېغىدا قولىنى تېڭىپ قارىسا ئىككى گىرانات، تاپانچىدا بەش تال ئوق قاپتۇ. ئەنجانباي سوقۇش بەش سائەتتەك داۋاملاشقان بولسىمۇ، ئۇ تېخى مەيۇس ئەمەس ئىدى. ئوقلىرىنى كۆرۈپ لېۋىنى چىشلىدى. دۈشمەن ئەنجان باينى ئۆلدى دەپ، ئۇن ئەسكەر يېقىنلاپ كەلدى. بىر گىرانات بىلەن تۆتى ئۆلدى، ئالتىسى يارىدار بولدى. ئاندىن ئەنجانباي ياتقان يېرىنى توپىغا، يىلىموتقا تۇتۇپ تىتىۋەتتى. ئەمدى تۈگىدى دەپ يېگىرمە نەپەر ئەسكەر يوپۇرۇلۇپ كەپتى، يەنە بىر گىرانات ئېتىلدى. بەش نەپىرى ئۆلدى، ئۇن نەپىرى يارىدار بولدى. ئالتە تال ئوق بىلەن بەش دۈشمەننى ئېتىپ، بىر تال ئوقتا ئۆزىنى ئاتتى. بۇنى كۆرگەن مەمەت ئىنقىلابچىلار تەرىپىدە ئەنجان باينىڭ ئەسكىرى ئىدى. ئۇ تاغ ئىچى بىلەن شىتابقا مەلۇم قىلدى. ئىنىسى قادىرخان ئاتنى چاپتۇرۇپ ئاكىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئالىمەن دەپ ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتىشى بىلەن بېلىدىكى گىراناتنىڭ يىپىغا ئىلىنىپ قېلىپ پارتلاپ ئۆلدى. دادىسى باقىكام خەۋەرنى ئۇقۇپ ھوشىدىن كېتىپ، تاغدىن دومىلاپ كېتىپ ئۇمۇ قازا قىلدى. ئېزىز خاننى دۈشمەن ئەسىر قىلىپ ئېلىپ كەتتى. (ئۇ ھازىر ھايات بار) ئەنجانباي جەمئىي چوڭ - كىچىك 19 قېتىم جەڭگە كىرىپ غەلىبە قىلغان بولسىمۇ، بۇ قېتىم خائىنىنىڭ چېقىشى بىلەن شېھىت بولدى.

# مۆتىۋەر زىيالىي ئابدۇللا داموللام توغرىسىدا

(1955 — 1903)

ئابدۇللا داموللام 1903 - يىلى بەشكېرەم يېزىسىنىڭ قۇمباغ كەنتىدە زىيالىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاتىسى موللا ئەيسا خەلپىتىم مەھەللە ئىمامى ئىدى. ئابدۇللا داموللام باشلانغۇچ مەلۇماتىنى ئاتىسىدىن ئالغان، كېيىن ئاتۇش مەشھەتتىكى «سۇلتانىم» مەدرىسىدە بىلىم ئالغان، ئۇنىڭدىن كېيىن قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە ئالىي بىلىم ئالغان. 18 يېشىدا مەدرىسنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، مەھكىمە شەرئىينىڭ باھالىشى بىلەن «ساقىيە» مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسلىكىگە تەيىنلەنگەن. ئابدۇللا داموللام «ساقىيە» مەدرىسىدە 1921 - يىلىدىن 1936 - يىلىغىچە 15 يىل مۇدەررىسلىك قىلغان. 1939 - يىلى شىڭشىسەينىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن ئەنسىرەپ مەخپىي ھالدا شىمالىي شىنجاڭغا كېتىش نىيىتىدە ئىلى ۋىلايىتىگە تەۋە سۈيدۇڭغا يېتىپ بارغاندا، شىڭشىسەي تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ تۈرمىگە تاشلانغان.

ئابدۇللا داموللام ئۆمۈر بويى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان. 1934 -

يىلىدىن 1935 ـ يىلى ئارىلىقىدا ئابدۇللا داموللامنىڭ تەشەببۇسى بىلەن بەشكېرەم يېزىسىنىڭ پۈتكۈل كەنت ـ لىرىدە يېڭىچە باشلانغۇچ مەكتەپ ئېچىلغان. بۇنىڭدا ئابدۇللا داموللامنىڭ تۆھپىسى كەۋدىلىك. ياپونغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن باشقىلار بىلەن بىرلىكتە ياپونغا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بارغان. ئۇ 1939 ـ يىلى شۆبە ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولغان، تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن 1958 ـ يىلىغىچە يەنە «ساقىيە» مەدرىسىنىڭ مۇددەررىسى بولغان. دىنىدا مۇددەررىس، پەندەزدىيالىي ئىدى ھەم پەننى تىرىشىپ ئۆگەندى. ئۇنىڭ تەربىيىسىدە يېتىلگەنلەر كۆپ، مە ـ سىلەن: بايدىن نىمشەھىت ئارمىيە داموللام، پەيزا ـ ۋاتتىن ئابدۇقادىر داموللام، تۇرپاندىن شاھىمەردانھا ـ جىم، نۇردۇن قاراجىم، نەسىردىن داموللا ھاجىم قاتارلىق ـ لارنى سانىشقا بولىدۇ.

ئابدۇللا داموللام 1958 ـ يىلى 55 يېشىدا بەشكېرەم يېزىسىدا كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن.

(ماتېرىيالنى ئۇرايىم نىياز يازغان، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ژورنىلى» 1992 ـ يىلى 2 ـ سانىدىن ئېلىندى.)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بۇۋى مەريەم خېنىم ھەققىدە

مەمتىمىن ھېيىت

بەشكېرەم يېزىسىنىڭ بەش توغراق كەنتىدە دائىرىسى چوڭ بولغان بىر مازارلىق بولۇپ، بۇنى كىشىلەر «بۇۋى مەريەم خېنىم مازىرى» دەپ ئاتىشىدۇ. بۇ ھەقتە يەرلىك خەلق ئارىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت ساقلىنىپ كەلمەكتە.

بۇۋى مەريەم خېنىم سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قىزى بولۇپ، نۇر ئالانۇر خېنىمنىڭ سىڭلىسى ئىكەن. ئۇ كىچىكىدىنلا ئەقىللىق ھەم چىرايلىق بولۇپ، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان بۇ قىزىنى تەربىيىلەشكە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىپتۇ. بۇۋى مەريەممۇ ناھايىتى ياخشى تەربىيە كۆرۈپ، زامانداشلىرى ئارىسىدا ئىلىم ئىگىسى بولۇپ كۆزگە كۆرۈنۈپتۇ، ئوقيا ئېتىش قاتارلىق ھەربىي ئىلىملەردە كامالەتكە يېتىپتۇ.

شۇ مەزگىلدە قەشقەردىكى مۇسۇلمانلار بىلەن خوتەن بۇددىستلىرى ئوتتۇرىسىدا جىددىي ئۇرۇش يۈز بەرگەن بولۇپ، بۇۋى مەريەم شۇ جەڭگە بېرىشنى ئىلتىماس قىلىپ، شەركەردىلەر بىلەن ئۇرۇش مەيدانى بولغان يېڭىسارغا بېرىپتۇ. ئۇ يەردە نۇرغۇن قىلىچۋازلىق، نەيزىۋازلىق بولغاندىن كېيىن ئاخىرى خوتەن بۇددىستلىرى قەشقەر مۇسۇلمانلىرىنى يېڭىپ

نۇرغۇن ئەسكەرلەرنى قەتلە قىپتۇ. بۇۋى مەريەم تۇتۇلۇپ قالسامۇ، بۇددىستلار تەرىپىدىن ئاياغ - ئاستى بولىدىغانلىقىدىن ئەنسىرەپ قېچىپ كېتىش قارارىغا كېلىپ، ئۆزى بىلەن بىرگە بارغان يەتتە نەپەر قىز بىلەن بىرگە قېچىپتۇ. بەختكە قارشى بەش نەپەر قىز ئۇ يەردە ۋاپات بولۇپ، بۇۋى مەريەم بىلەن يەنە ئىككى قىز ئاتقا مىنىپ قېچىپتۇ. ئۇلار بەشكېرەم يېزىسىنىڭ بەش توغراق كەنتىگە كەلگەندە بۇۋى مەريەمگە ئوقيانىڭ زەھەرلىك ئوقى تېگىپ بۇغدايلىققا يىقىلىپتۇ. بۇ دەل ئورما ۋاقتى بولۇپ نۇرغۇنلىغان دېھقانلار ئەتراپتا ئورما ئوروۋاتقانىكەن. بۇۋى مەريەم ئۇلارغا قاراپ «ئەي مۇسۇلمانلار مېنىڭ ئارقامدىن بۇددىستلار قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ، مېنى يوشۇرۇپ قويۇڭلار ۋە قەيەرگە يوشۇرۇنغانلىقىڭلارنى ئېيتىپ قويماڭلار، ئەگەر ئېيتىپ قويساڭلار، باقىي ئالەمدە ھېسابلىشىمىز» دەپتۇ، دېھقانلار ماقۇل بولۇشۇپتۇ. ئارىدىن مەتسەلەي ئىسىملىك بىر دېھقان ئۇنى بۇغدايلىقتىن ئېلىپ خاماندىكى ئەنجۈنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. ئارقىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان بۇددىستلار ئورما ئوراۋاتقان دېھقانلاردىن سوراپتۇ. مەتسەلەيكام بىرىنچى بولۇپ «كۆرمىدۇق» دېگەنىكەن، بۇددىستلار دەرھال ئۇنى چېپىپ تاشلاپتۇ ۋە ئاتۇش تەرەپكە قېچىپ كېتىۋاتقان يەنە ئىككى قىزنى قوغلاپ كېتىپتۇ.

بۇددىستلار ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن بۇۋى مەريەم يوشۇرۇنغان جايدىن چىقىپ مەتسەلەينى يەرلەكىدە قويۇپ، ئۆزى يىقىلغان يەرگە كەپتۇ. «ئاللا

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

مېنى مۇشۇ يەرگە يىغقىنى، مېنىڭ ئاخىرەتتە ياتىدىغان جايىم مۇشۇ بولسۇن» دەپ ئۇ يەرگە بىر گۈمبەز ياسىتىپ كۆز كولىتىپتۇ، دېمەك گۈمبەز پۈتكەن كۈنى بۇۋى مەريەم قازا تېپىپتۇ. كىشىلەر ئۇ قىزنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا قايىل بولۇپ ھەيران قېلىشىپتۇ، شۇ يىلى بۇۋى مەريەم 17 ياشقا كىرگەن بولۇپ، تېخى ياتلىق بولمىغانىكەن.

كېيىن كىشىلەر بۇۋى مەريەمنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە مەتسەلەي ئاكىنىڭ قەبرىسىنى ياسىتىپ قويۇپتۇ ھەم ئۇ كىشىنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىسىنى مەدھىيىلەپ «مەتسەلەيكام ئورما غوجام» دەپ تەرىپلەپ، ئۆزلىرىنىڭ ئورما پىرى ھېسابلايدىغان بوپتۇ. مەتسەلەيكامنىڭ مەزىرى ھازىرقى ئاۋات يېزىسىنىڭ قالۇق كەنتىدە بار بولۇپ، ھازىرمۇ كىشىلەر ئورما ۋاقتىدا ئورما ئورىدىغان بوغدايلىققا بېرىپلا قولىغا ئورغاقنى ئېلىپ «يا مەتسەلەيكام ئورما غوجام پىرىم» دېيىشىپ ئاندىن ئورما ئورۇشنى باشلايدىكەن.

# 23 . غوجاۋا غوجام (غوجى ئاگاھ غوجام) ھەققىدە

رازىيە قادىر

ئەگەر سىز قەشقەرنى ئىلگىرى ئىستانسىغا زىيارەتكە بارماقچى بولسىڭىز قەشقەر شەھىرىدىن غەربكە قاراپ تەخمىنەن ئون كىلومېتىر يول يۈرگەندىن كېيىن كونا شەھەر ناھىيە لەڭگەر يېزىسىغا تەۋە كانىدىرا كەنتىگە كەلگىنىڭىزدە چوڭ يول بويىدىكى ئۈچ تەرىپى قەدىمكى زامان سوقما تام نۇسخىسىدىكى پاكار تام بىلەن دائىرىگە ئېلىنغان (چوڭ يول تەرىپى ئوچۇق) غوجاۋا غوجام قەبرىستانلىقىنى كۆرىسىز. بۇ قەبرىستانلىق ھەققىدە يەرلىك خەلق ئارىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت بار: سۇتۇق بۇغراخان زامانىسىدا بۇغراخان تەرىپىدىن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدۇرۇلغان ئۇيغۇرلار بىلەن بۇددىستلار ئوتتۇرىسىدا زور كۆلەملىك جەڭ بولۇپ، بۇ ئۇرۇشتا بۇغراخان شەھەرگە كىرىشكە بولىدىغان ھەر قايسى يول ئېغىزلىرىغا بىر قانچىدىن قاراۋۇللۇق پونكىتى قۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئەسكەرلىرىنى تاللاپ قاراۋۇل قويغان ئىكەن. قارشى تەرەپ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلىنغاندا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئامبىرى

بىرىنچى قاراۋۇللۇق پونكىتىغا باش قاراۋۇللۇق پونكىتى دەپ نام بېرىپتۇ.

باش قاراۋۇللۇق پونكىتىنىڭ بىخەتەرلىكىدىن ئۆتۈپ كەتكەن بۇددىست لەشكەرلىرىنى ئىككىنچى قاراۋۇللۇق پونكىتى توسۇپ، ئىككىنچىسىدىن ئۆتۈپ كەتسە ئۈچىنچىسى توسۇپ، ئۇلارنى شەھەرگە كىرگۈزمەسلىك ھەققىدە ئورۇنلاشتۇرۇش بېرىلگەن ئىكەن.

غەرب تەرەپتىن بۇغراخاننىڭ پايتەختى خان ئۆيىگە بارىدىغان چوڭ يول بويىدىكى باش قاراۋۇللۇق پونكىتىغا بۇغراخاننىڭ ئورۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەن بىر ئەسكىرى باش قاراۋۇل قىلىپ قويۇلغان ئىكەن. (بۇ كىشىنىڭ ئەسلى ئىسمى ھەققىدە مەلۇمات يوق) باشقا يول ئېغىزلىرىدىكى قاراۋۇللۇق پونكىتلىرىدىن ئۆتكۈزۈۋېتىلىپ، سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئەسكىرى ۋە مالىيە كۈچىنى زور چىقىمغا ئۇچراتقان بولسىمۇ، لېكىن غەربتىكى ھېلىقى قاراۋۇللۇق پونكىتىدىكى قاراۋۇل دۈشمەن ئەھۋالىنى ناھايىتى ئاگاھلىق، ھوشيارلىق بىلەن كۆزىتىپ، بۇغراخاننىڭ شەھىرىگە قاراپ ھۇجۇمغا ئاتلانغان بۇددىست لەشكەرلىرىنىڭ بىرىنىمۇ قاراۋۇللۇق پونكىتىدىن ئۆتكۈزمەي، بۇغراخاننى مەغلۇبىيەت گىردابىدىن ساقلاپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن بۇغراخان تەرىپىدىن تارتۇق قىلىنىپتۇ، سۇتۇق بۇغراخان ئۇنىڭغا تارتۇق تارتىپ قول ئېلىشقاندا «سىز ناھايىتى ئاگاھ ئىكەنسىز» دەپ ماختاپ ئۇنى ئەسكەر

باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈپ، ئۇنىڭغا «غوجا ئاكام غوجام» دەپ نام بېرىپتۇ.

ئۇ، ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ۋەسىيىتىگە ئاساسەن غەربىي يولدىكى باش قاراۋۇللۇق پونكىتىنىڭ يېنىدىكى ۋەخپىگە دەپنە قىلىنغان بولۇپ، بارا - بارا ئۇنىڭ ئۆلگەن ئۇرۇق ئەۋلادلىرى ئۇنى پاناھ تارتىپ يېنىغا دەپنە قىلىنىپ، بۇ قەبرىستانلىق پەيدا بولغانىكەن. ھازىر بۇ قەبرىستانلىق ئۇيغۇر تىلىدىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلىدىن «غوجاۋا غوجام» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

www.uyghurkitap.com

كونىشەھەر تارىخ ماتېرىياللىرى

بىرىنچى توپلام

疏附县文史资料

第一辑

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى

كونىشەھەر ناھىيىلىك كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى

تەھرىر ھەيئىتى تۈزدى

中国人民政协疏附县政协文史资料

编辑委员会出版

«قەشقەر گېزىتى» مەتبەئەسىدە بېسىلدى

喀什日报印刷厂印刷

ئىچكى گېزىت-ژۇرنالارنى بېسىشقا رۇخسەت قىلىنىش

(ش چ) كىنىشكە نومۇرى: 2555

内部资料准印证号：（新出）2555

باھاسى: 6.00 يۈەن

定价：6.00元